4

ئاندېرسېن چۆچەكلىرى



# زەھەرخەندە پادىشاھ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئاندېرسېن چۆچەكلىرى

باشمالتاق قىز

پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى

سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق

زەھەرخەندە پادىشاھ

قۇياشنىڭ ھېكايىسى

ISBN 978-7-228-09178-2

9 787228 091782 >

定价：13.00 元

4

ئاندېرسېن چۆچەكلىرى

# زەھەرخەندە پادىشاھ

تەرجىمە قىلغۇچى : قادىر ئارسلان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

2008 - يىل ئۈرۈمچى

**图书在版编目(CIP)数据**

安徒生童话选. 4：维吾尔文/（丹）安徒生(Andersen, H. C.）著；卡得尔·阿尔斯兰译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008. 2

ISBN 978—7—228—09178—2

Ⅰ.安… Ⅱ.①安… ②卡… Ⅲ.童话—作品集—丹麦—近代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I534.88

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 017257 号

---

作　　者　(丹)安徒生
译　　者　卡得尔·阿尔斯兰
责任编辑　艾合买提·伊明
责任校对　阿达来提·买合苏提，阿孜古丽·克力木
封面设计　买买提·诺比提
出版发行　新疆人民出版社
电　　话　(0991)2827472
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
邮　　编　830001
印　　刷　新疆新华印刷二厂
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　5.25
版　　次　2008 年 2 月第 1 版
印　　次　2008 年 2 月第 1 次印刷
印　　数　1—5000
定　　价　13.00 元

بۇ كىتاب جۇڭگو ئۆسمۈرلەر - بالىلار نەشرىياتىنىڭ 2005 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى، 2005 - يىلى 10 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中国少年儿童出版社 2005 年 10 月第 1 版，2005 年 10 月第 1 次印刷本选译出版。

# زەھەرخەندە پادىشاھ

## (ئاندېرسېن چۆچەكلىرى — 4)

**ئاپتورى :** ئاندېرسېن (دانىيە)
**تەرجىمە قىلغۇچى :** قادىر ئارسلان
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى :** ئادالەت مەخسۇت، ئارزۇگۇل كېرەم
**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى :** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون :** 0991－2827472
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**باسقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 5.25
**نەشرى :** 2008 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى
**باسمىسى :** 2008 - يىلى 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
**تىراژى :** 1－5000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978－7－228－09178－2
**باھاسى :** 13.00 يۈەن




بۇ كىشى خانس خىرىستىئان ئاندېرسېن.

ئۇ دانىيىدە تۇغۇلغان.

لېكىن، ئۇ ئىجاد قىلغان چۆچەكلەر دانىيىدىن
جىق - جىق ھالقىغان.

پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ چۆچەكلىرىنى ھازىرغىچە
ئاڭلاپ كەلمەكتە.

# مۇھەررىردىن

خانس خرىستىئان ئاندېرسېن (1805 — 1875)، دانىيىنىڭ 19 - ئەسىردىكى ئاتاقلىق بالىلار چۆچىكى يازغۇچىسى. ئۇ دانىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئودېنسە دېگەن كىچىك بىر شەھەردە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى موزدۇز بولۇپ، ئەنگلىيە - فرانسىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە ناپولېئونغا ياللانما ئەسكەر بولغان، كېيىن كېسەل سەۋەبى بىلەن ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن. ئاندېرسېن بۇ چاغدا ئاران 11 ياشتا بولۇپ، ئانىسىنىڭ ئائىلە خىزمىتىدىن تاپقان كىرىمى بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن. ئاندېرسېن ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ قىيىنلىقىدىن مەكتەپتە ئوقۇشقا ئامالسىز

قېلىپ، يۇڭ توقۇلما ماللار دۇكىنىدا مال ساتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1819 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندېرسېن ئارتىس بولۇش ئويى بىلەن كوپېنهاگېنغا كېلىپ، پادىشاھلىق تىياتىرىغا قارا خىزمەتچى بولۇپ ئورۇنلاشقان، كېيىن بىر قىسىم ئاق كۆڭۈل سەنئەتكارلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر كىشىلىك ئوقۇتۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشىپ، مۇنتىزىم مەكتەپكە كىرگەن.

ئاندېرسېن ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئۇ شېئىر، دراما، ھېكايە، ساياھەت خاتىرىسى قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ كۆرگەن. ئەمما، ئۇنىڭ ھەقىقىي قابىلىيىتى چۆچەك ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئېسىل ئەدەبىي مىراسلىرى ئاساسەن باللار چۆچىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاندېرسېن ئۆمرىدە 160 پارچىدىن ئارتۇق چۆچەك يازغان. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر باللار چۆچىكى يازىدىغان يازغۇچىلارنىڭ بىرى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرى ئاندېرسېننىڭ چۆچەك ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ.

ئاندېرسېننىڭ چۆچەكلىرى تەسەۋۋۇرغا باي، ئىدىيىۋىلىكى چوڭقۇر، شېئىرىي تۈيغۇ بىلەن فانتازىيىگە تويۇنغان. ئۇ تەسۋىرلىگەن ئۇچار قۇش، ھايۋانات، قۇرت ـ قوڭغۇزلار، بېلىقلار، گۈللەر، ئوت ـ

گىياھلار، پوتكول تەبىئەت، ھەتتا ئائىلە سايمان - جابدۇقلىرى، ئويۇنچۇقلاردا ھېسسىيات پەيدا بولۇپ، ئۇلارغا كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك ھالدا قايتىدىن جان كىرىدۇ؛ دادىللىق بىلەن قىلىنغان تەسەۋۋۇر زامان، ماكانىنىڭ چېگراسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن بىلىمگە ئىنتىلىش ئارزۇسى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ؛ ئاجايىپ - غارايىپ چاقماقنىڭ ياردىمى بىلەن شاكىچىك ئەسكەر پادشاھ بولىدۇ؛ سەت ئۆردەك چىرايلىق ئاق قۇغا ئايلىنىدۇ؛ شىددەتلىك شەرق شامىلى باتۇرلارنى ئەقىل - پاراسەت ماكانى ۋە بەختلىك ئارال دۆلىتىگە باشلاپ كېلىدۇ؛ بۇلبۇلنىڭ تۆككەن مۇڭلىرى ئىمتاسلىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ؛ ئەمەلگە ئېشىشقا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلىدۇ. ئومۇمەن، ئاندېرسېننىڭ چۆچەك دۇنياسىدا تەبىئەتتىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەر بىللە بىللە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا كىرىپ كېلىدۇ. مەيلى ئەپسانىدىكى دۇنيا بولسۇن ياكى رېئال تۇرمۇش بولسۇن بىر - بىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كېتىدۇ.

ئاندېرسېن ئۇسلۇب جەھەتتە ئىخچام، روشەن بولۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەسەرنىڭ ئىدىيۋى مەزمۇنىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان يۈزەكى ھەشەمەتلەرگە بېرىلمەيتتى. تىلىنىڭ جانلىق

بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىلىدا ساپ، جانلىق خەلق تىلىنىڭ سەھراچە پۇراقلىرىمۇ بار ئىدى.

ئاندېرسېن ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمىگەن. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى چۆچەك ئىجادىيىتىگە بېغىشلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئىشلىرىغا تەقدىم قىلغان. ئاندېرسېن 1875 - يىلى كوپېنھاگېندىكى بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.



# مۇندەرىجە


قېزا زىخى شورپىسى ........................ 1
تۈزۈك ئىش قىلىش ........................ 27
دۆپ دەرىخىنىڭ ئاخىرقى چۈشى ........................ 39
ئۆچقاندەك تېز يۈگۈرىدىغان نەرسە ........................ 49
زەھەرخەندە پادىشاھ ........................ 55
بولكا دەسسىگەن قىزچاق ........................ 61
بالىلارچە پاراڭ ........................ 77
تۈلۈقچىقوڭغۇز ........................ 82
قۇلۇلە بىلەن قىزىلگۈل ........................ 97
كۆمۈش تەڭگە ........................ 102
ئالتۇن قوزام ........................ 111
يېشىل رەڭلىك كىچىك نەرسە ........................ 123
دەرۋازىۋەننىڭ ئوغلى ........................ 129

# قېزا زىخى شورپىسى

## 1. قېزا زىخى شورپىسى①

— تۈنۈگۈنكى كەچلىك زىياپەت بەك بەلەن بولدى! — دەپتۇ بىر قېرى چاشقان بۇ زىياپەتكە قاتناشمىغان چاشقانغا، — مەن چاشقان پادىشاھنىڭ قاتارىدىكى يىگىرمە بىرىنچى ئورۇندا ئولتۇردۇم، بۇ يامان ئەمەس ئورۇن جۇمۇ! مەن ساڭا داستىخاندىكى تائام، قورۇمىلارنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرەي، بۇلارمۇ بەك ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ دېگىنە! ئېچىتىلغان بولكا،

① قېزا زىخى شورپىسى — دانىيىلىكلەر قېزا ياسىغاندا، ئۈچەيگە گۆشنى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن، بىر ئۇچىغا ئىنچىكە ياغاچ زىخچىنى ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. قېزا يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇنداق زىخچىلارنى سۇدا قايىنىتىپ تازىلاپ قايتا ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، «قېزا زىخىدا شورپا پىشۇرۇش» دېگەن تەمسىل پەيدا بولغان، بۇ سەپسەتە ياكى بىمەززە گەپ، ياكى تېتىقسىز ماقالىلەرگە تەمسىل قىلىنىدۇ.

دۆملەنگەن گۆش، مايلىق شام ۋە قېزا دېگەنلەر ئىككى قېتىم چىقىرىلدى، بىز خۇددى ئىككى قېتىم غىزالانغاندەك بولدۇق. كەيپىيات بەك يۇقىرى بولدى، ھەممەيلەن خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك كۆڭۈللۈك ئىشلارنىڭ گېپىنى قىلىشتۇق. قېزا زىخىدىن باشقا ھېچنېمە ئېشىپ قالمىدى. ئاندىن كېيىن، بىز قېزا زىخىنىڭ گېپىنى، قېزا زىخى شورپىسى پىشۇرۇشنىڭ گېپىنى قىلىشتۇق. قېزا زىخى شورپىسىنىڭ گېپىنى ھەممەيلەن ئاڭلىغان، ئەمما ھېچكىم ئۇنى تېتىپ باقمىغانىكەن. ئۇنىڭ قانداق پىشۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئادەم تېخىمۇ يوق ئىكەن. زىياپەتتە ھەممەيلەن بۇ خىل شورپىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئۈچۈن بىر رومكىدىن كۆتۈرۈشتى ۋە كىم ئۇنى ئېتەلىسە، شۇ كىشى نامراتلىق ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى بولۇشقا مۇناسىپ دېيىشتى. قانداق، قىزىقمىكەن، بەك قىزىق - ھە! چاشقان پادىشاھمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، چاشقان قىزلارنىڭ قايسىبىرى بۇ شورپىنى ئەڭ تەملىك ئېتەلىسە، شۇنى ئۆزىنىڭ خانىشى قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپ، بۈگۈندىن باشلاپ چاشقان قىزلار بۇ ھەقتە توپتوغرا بىر يىل باش قاتۇرسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— بۇ بولىدىغان ئىش ئىكەن! — دەپتۇ يەنە بىر چاشقان، — لېكىن، بۇنداق شورپا قانداق پىشۇرۇلىدىغاندۇ؟

— توغرا، قانداق پىشۇرۇلىدۇ؟ — دەپ سورىشىپتۇ چوڭ - كىچىك چىشى چاشقانلار. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا خانىش بولغۇسى بار ئىكەن، ئەمما



ئېغىز ئېچىشتىن بۇرۇن، ھېچكىم ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئېيتىشقا بولمايدىكەن.

ئەمدى بىز چاشقانلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ باقايلى.

## 2. بىرىنچى چاشقان ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا نېمىلەرنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان

— مەن بىپايان دۇنياغا قەدەم باسقاندا، — دەپتۇ بىرىنچى چاشقان، — خۇددى مەن بىلەن تەڭدىمەت ھەمراھلىرىمنىڭ ئويلايدىغىنىدەك، پۈتۈن دۇنيانىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئۆزۈمگە سىڭدۈرۈپ بولدۇم دەپ قارىغانىدىم. لېكىن، ئەھۋال ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس

ھېچقايسىسى سىرتقا چىقىپ ھۈنەر ئۆگىنىمەن دەپ ئاۋارە بولۇشنى خالىمايدىكەن. يەنە كېلىپ، ھېچقايسىسىنىڭ ئۆيىدىن، پاناھلىنىدىغان جايىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىكەن. سىرتتا ھەر كۈنىلا پىشلاق ئۇچراپ تۇرمايدۇ، سۈرلەنگەن گۆش پۇراپ تۇرمايدۇ ــ دە. شۇنداق بولغاندىكىن، ئاچ قېلىشى تۇرغانلا گەپ. كىم بىلىدۇ، مۈشۈككە ئۇچراپ قالامدۇ تېخى!

خانىش بولغۇسى بەكلا كەلگەن بىلەن، قورقۇنچلۇق خىياللار چىرمىۋالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تولىسى بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. پەقەت تۆت چاشقانلا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ، ياش، باتۇر، ئەمما نامرات ئائىلىدىن چىققان بۇ چاشقانلار سەپەرگە چىقىپ تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر تالدىن قېزا زىخىنى ئېلىپ ئۇزاق سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ئۇلار بەشىنچى ئاينىڭ بېشىدا يولغا چىقىپ، بىر يىلدىن كېيىنكى بەشىنچى ئاينىڭ بېشىدا قايتىپ كەپتۇ. لېكىن، ئۇلاردىن قايتىپ كەلگىنى ئۈچەيلەن بولۇپ بىرى كۆرۈنمەپتۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ بىرەر خەۋىرىنى ئاڭلاپ باقمىغانىكەن.

ئاخىرقى مۆھلەت كۈنى يېتىپ كەپتۇ. چاشقان پادىشاھ نەچچە چاقىرىم دائىرىدىكى چاشقانلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشخانىغا چاقىرتىپ كەپتۇ. سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ئۈچ چاشقان بىر چەتتە قاتار تۇرۇپتۇ، ئۇلار يېتىپ كېلەلمىگەن چاشقاننىڭ ئورنىغا بىر تال قېزا زىخىنى سانجىپ، زىخقا قارا شايىنى باغلاپ قويۇپتۇ. ئۈچ چاشقان سۆزلەپ بولۇپ، چاشقان پادىشاھ

ئىكەن، بۇ دەرىجىگە يېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن - نۇرغۇن ۋاقىت كېتىدىكەن. مەن دېڭىز - ئوكيانلارنى كېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن، شىمالغا ماڭىدىغان بىر كېمىگە چىقتىم. مەن كېمە ئاشپەزلىرى ھەرقانداق سورۇندا ھودۇقماي ئىش قىلالايدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم. لېكىن، سېنىڭ قولۇڭدا نۇرغۇن سۇرلەنگەن گۆش، تۇڭ - تۇڭ تۇزلانغان گۆش ۋە كۆكىرىپ كەتكەن ئۇن بولسا، ھەرقانداق سورۇنغا تاقابىل تۇرۇش قىيىن ئەمەس، تۇرمۇشمۇ بەك راھەت بولىدۇ! شۇغىنىسى، قېزا زىخى شورپىسى ئېتىشنى بىلمىسەڭ بىكار - دە! بىز نۇرغۇن كۈندۈز، نۇرغۇن كېچە يول يۈردۇق، يەتكۈچە چايقالدۇق، يەنە يامغۇرغىمۇ تازا چىلاندۇق. كېمە ئاخىر بارىدىغان يېرىگە يېتىپ باردى، بۇ جاي يىراق شىمالدا ئىكەن.

كۆنۈپ قالغان جايدىن، ئۆيدىن ئايرىلىش ئاجايىپ بولىدىكەن. مانا مەن نەچچە يۈز چاقىرىم يول بېسىپ، بىر يات ئەلگە كېلىپ قالدىم. بۇ ئەلنىڭ ھەممىلا يېرى ئورمانلىق بولۇپ، شەمشاد ۋە ئاق قېيىنلار بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ پۇرىقى بەك قويۇق ئىكەن، مەن بۇ پۇراقنى زادىلا ياقتۇرمىدىم! ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىمۇ بىر خىل غىدىقلىغۇچى پۇراق بار ئىكەن، مەن تازا چۈشكۈرۈۋېتىپ قېزا زىخى شورپىسىنى خىيالىمغا كەلتۈردۈم. ئورمانلىقتا ناھايىتى چوڭ كۆل بار بولۇپ، سۈيى يېقىندىن قارىساڭ سۈزۈك، يىراقتىن قارىساڭ قاپقارا كۆرۈنىدىكەن. كۆلدە ئاق قۇلار لەرزان لەيلەپ يۈرىدىكەن، مەن تېخى ئۇلارنى سۇنىڭ كۆپۈكىمىكىن دەپ قاپتىمەن. ئۇلار ئۇچقاندىلا، ئاندىن ئاق قۇ ئىكەنلىكىنى بىلەلىدىم. ھېچكىممۇ ئۆزىنىڭ جەمەتىنى

يوشۇرالمايدۇ، ئاق قۇلارنىڭ يۇرۇش ھالىتىدىنلا ئۇلارنىڭ غازلار بىلەن بىر جەمەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىكەن. مەنمۇ جەمەتىمدىكىلەردىن تېين ۋە ئېتىز چاشقانلىرىغا قېتىلدىم. شۇنىمۇ دەپ قوياي، ئۇلارنىڭ بىلىدىغان ئىشلىرى بەك ـ بەك ئاز ئىكەن! قورۇما قورۇش ۋە تەم تەڭشەش جەھەتتە تېخىمۇ شۇنداق ئىكەن. لېكىن، مەن مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا چەت ئەلگە چىقتىم ـ دە! قېزا زىخىدا شورپا پىشۇرۇش دېگەن ئوي ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەقىقەتەن كىچىك ئىش ئەمەس ئىكەن. بۇ گەپ دەرھال پۈتۈن ئورمانلىققا تارقىلىپ كەتتى، لېكىن ئۇلار بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان ئۇسۇلنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس دەپ قاراشتى. دەل مۇشۇ جاي، مۇشۇ كەچتە بۇنىڭ ئۇسۇلىنى تېپىۋالىدىغانلىقىمنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم. بۇ دەل تومۇز ۋاقتى بولغاچقا، دەرەخلەرنىڭ يۇراقلىرى بەك قويۇق، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غىدىقلىغۇچى پۇرىقى شۇنچە كۈچلۈك، كۆل سۈيى يىراقتىن قارىساڭ قاپقارا كۆرۈنگىنى بىلەن، شۇنچە سۈزۈك ئىدى، ئۈستىدە ئاق قۇلار لەيلەپ يۈرەتتى. ئورمانلىقنىڭ چېتىدىكى ئۈچ ـ تۆت ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر خادا تىكىلگەنىدى، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى كېمىنىڭ ماچتىسىچىلىك كېلەتتى، ئۇچىغا گۈلچەمبىرەك ۋە لېنتىلار ئېسىپ قويۇلغانىدى. ئۇ ئەتىيازلىق شادلىق بايرىمىنىڭ گۈل خادىسى ئىكەن. قىزلار ۋە يىگىتلەر خادىنى ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئويناپ، مۇزىكانتنىڭ ئىسكىرىپكىسىغا جور بولۇپ ناخشا ئېيتىشاتتى. ئۇلار كەچقۇرۇن ۋە ئايدىڭ كېچىنى تولىمۇ



كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى، ئەمما مەن قاتناشمىدىم، چۈنكى بىر چاشقانچاق ئورمانلىقتىكى ئۇسسۇل يىغىلىشىدا نېمە قىلسۇن! مەن ئالغاچ كەلگەن قېزا زىخنى تۇتقىنىمچە يۇمران مۇخلارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم. ئاي نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان بىر پارچە يەر بەكلا يورۇق بولۇپ، ئۇ يەردە بىر تۈپ دەرەخ ۋە بىر پارچە مۇخلۇق بار ئىدى. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، مۇخ خۇددى پادىشاھىمىزنىڭ مويىدەك يۇمشاق، بىراق رەڭگى يېشىل ئىدى، بۇ كۆزگە بەك پايدىلىق ئىكەن. بۇ چاغدا، تۇيۇقسىز تولىمۇ چىرايلىق بىر توپ كىچىك ئادەملەر مەشىققە دەسسىگەندەك مېڭىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ بويى تىزىمغىمۇ كەلمەيتتى، ئۇلار قارىماققا ئادەمگە ئوخشايتتى، ئەمما قەددى ـ قامىتى ئادەملەرنىڭكىدىنمۇ كېلىشكەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى تاغ جىننى دەپ ئاتىشىدىكەن، گۈللۈك رەختتىن نەپىس تىكىلگەن كىيىم كىيىۋالغان بولۇپ، كىيىمىنىڭ يانلىرىغا چىۋىن ۋە پاشىلارنىڭ قانىتىنى ئورنىتىۋالغانىكەن، ئەمما بۇ

ئازراقمۇ سەت كۆرۈنمەيدىكەن. دەسلەپتە ئۇلار نېمىنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئارقىدىن، ئىككىيلەن ماڭا قاراپ كەلدى ۋە مۆتىۋەردەك كۆرۈندىغان بىرى قولۇمدىكى قىزا زىخنى كۆرسىتىپ:

«بىز ئىشلەتمەكچى بولغان نەرسىنىڭ ئۆزى شۇ! ئۇنىڭ ئۇچى ئۇچلۇق ئىكەن، ئۇ بەك ياخشى ئىكەن» دېدى.

«بېرىپ تۇرسام بولىدۇ، ئەمما ئېلىۋالساڭلار بولمايدۇ!» دېدىم مەن.

«ئېلىۋالمايمىز!» ئۇلار تەڭلا شۇنداق دېدى ـ دە، زىخنى ئېلىپ كەتتى. ئۇلار زىخنى كۆتۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينىغىنىچە ھېلىقى مۇخلۇققا بېرىپ، زىخنى مۇخلۇقنىڭ مەركىزىگە قادىدى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەتىيازلىق شادلىق بايرىمى گۈل خادىسىنى تىكمەكچى ئىكەن، مانا ئەمدى ئۇلار خادىغا ئېرىشتى. سىلەرگە مەلۇم، ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ قىزا زىخى خاس ئۇلارغىلا تەييارلانغاندەك ئىدى. ئارقىدىن، ئۇلار ئۇنى زىننەتلەشكە باشلىدى.

ئۆمۈچۈكلەر زىخنى مەشۇت بىلەن ئوراپ، ئىنتايىن يۇمشاق يىپەك لېنتا ۋە بايراقلارنى ئاستى. يىپەك لېنتا ۋە بايراقلار ئاي نۇرىدا قاردەك ئاپئاق كۆرۈنەتتى. ئۇلار كېپىنەك قانىتىدىكى رەڭلەرنى تېمىتىپ لېنتىلارنى بويىۋېدى، دانە ـ دانە گۈل ۋە بىرلىيانتلار پەيدا بولدى. مەن بۇ خادىنىڭ قىزا زىخى ئىكەنلىكىنى تونۇيالمايلا قالدىم. شۇنداق ئېيتالايمەنكى، پۈتۈن دۇنيانى ھەرقانچە ئاختۇرۇپمۇ، بۇنداق چىرايلىق

بېزەلگەن ئەتىيازلىق شادلىق بايرىمى گۈل خادىسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۇ چاغدا بىر توپ تاغ جىنلىرى كەلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يالىڭاچ، ئەمما بەكلا چىرايلىق ئىدى. مەن تەنتەنىلىك بايرامنى تاماشا قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان بولساممۇ، يىراقتا تۇرۇشنى لايىق كۆردۈم. چۈنكى، مەن ئۇلاردىن بەكلا چوڭ ئىدىم.

كېيىن، نومۇر كۆرسىتىش باشلاندى! گويا نەچچە مىڭ ئەينەك قوڭغۇراق چېلىنغاندەك، ئاۋازلار بەكلا كۈچلۈك ۋە جاراڭلىق ئىدى. مەن ئاق قۇلار ناخشا ئېيتىۋاتامدىكىن دەپ قالدىم. توغرا، كاككۇكلارنىڭ سايرىغىنىنىمۇ ئاڭلىغاندەك بولدۇم، ئاخىردا پۈتۈن ئورمانلىق ئومۇمىي خور ئورۇنداۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى. باللارنىڭ ئاۋازىمۇ، قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىمۇ، قۇشلارنىڭ ئاۋازىمۇ بار بولۇپ، ئەڭ گۈزەل كۈي ياڭراۋاتاتتى. بۇ چىرايلىق ئاۋازلارنىڭ ھەممىسى تاغ جىنلىرىنىڭ ئاشۇ شادلىق بايرىمى گۈل خادىسىدىن چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ خادا مېنىڭ قېزا زىخىم ئىدى. مەن ئۇنىڭ بۇنداق ئاۋاز چىقارغانلىقىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. بۇنىڭدا ئۇنىڭ كىمنىڭ قولىغا چۈشۈشىگە قاراش كېرەك ئىكەن. مەن راستىنلا قاتتىق ھاياجانلىنىپ يىغلىۋەتتىم، بۇ بىر چاشقانچاقنىڭ شادلىق يىغىسى ئىدى.

بۇ كېچە بەك قىسقا بولۇپ قالدى! لېكىن، ئۇياقتا ئۆتكەن ئاشۇ كۈنلەردە كېچە شۇنچىلىكلا بولىدىكەن. تاڭ سۈزۈلگەندە بوران چىقىپ، ئورمانلىقتىكى كۆلنىڭ سۈيى ئۆركەشلەپ كەتتى. لەپىلدەپ تۇرغان ھېلىقى يىپەك لېنتا ۋە بايراقلار، ئۆمۈچۈكلەر يوپۇرماقلار ئارىسىغا

توقۇغان سەگەنچۈك، ئاسما كۆۋرۈك ۋە باشقا تۈرلۈك ـ تۈمەن نەرسىلەر بوراندا ئۇچۇپ غايىب بولدى. ئالتە تاغ جىنى كېلىپ زىخىمنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى ئورۇنداپ بەرگۈدەك نېمە ئارزۇيۇم بارلىقىنى سورىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلاردىن قىزىل زىخى شورپىسىنى قانداق تەييارلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشىنى ئۆتۈندۇم.

«دەل بايا بىزنىڭ قىلغىنىمىزدەك قىلساڭ بولىدۇ! ــ دېدى ھېلىقى ئىسىلزادە تاغ جىنى كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ بايا ئۆزۈڭ كۆردۈڭغۇ؟ بەلكىم سەن ئۆزۈڭنىڭ زىخىنى تونۇيالماي قالغانسەن؟»

«سىز ئاشۇنداق قىل دېمەكچىمۇ؟» دەپ سورىدىم مەن ۋە ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن سەپەرگە چىققانلىقىمنى، ئۆيدىكىلەرنىڭ مېنىڭدىن نېمىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم.

«مەن بۇ يەردىكى قىزىقچىلىقنى تولۇق كۆردۈم، ــ دېدىم مەن، ــ بىراق، بۇنىڭ چاشقان پادىشاھىمىز ۋە بىزنىڭ ئېلىمىز ئۈچۈن نېمە پايدىسى بار؟ مەن قىزىل زىخنى بىرنەچچە قېتىم پۇلاڭلىتىپ قويۇپلا، مانا شورپا كەلدى، دېيەلمەيمەن ـ دە! بىلىشىڭىز كېرەككى، مەن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا يېگۈدەك ياكى ئىچكۈدەك بىرنەرسە كەلتۈرۈشۈم كېرەك.»

شۇنىڭ بىلەن، تاغ جىنى بارمىقىنى كۆك رەڭلىك رۇخسارگۈلىنىڭ ئىچىگە تىقىپ تۇرۇپ:

«دىققەت قىل! ھازىر مەن سېنىڭ چىرايلىق ھاساڭغا بىرنەرسىنى سۈركەپ قويىمەن، چاشقان پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن،

ھاساڭنى پادىشاھنىڭ مەيدىسىگە تەگكۈزۈپ قويساڭ، ھاساڭدا رۇخسارگۈللەر ئېچىلىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئەڭ سوغۇق قىش كۈنىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مانا ئەمدى سەن ئۆيۈڭگە بىرەر نەرسىنى ئالغاچ كەتكەن بولارسەن، يەنە كېلىپ، بۇ ئۇنچىۋالا كىچىك نەرسە ھېسابلانمايدۇ، قانداق دېدىم؟» دېدى.

بىرىنچى چاشقان ھېلىقى نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى دېمەيلا، قېزا زىخنى چاشقان پادىشاھنىڭ مەيدىسىگە تەگكۈزگەنىكەن، راستتىنلا شۇ ھامان خۇش پۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇرىدىغان بىر دەستە رۇخسارگۈل ئېچىلىپتۇ. گۈلنىڭ پۇرىقىغا چىدىمىغان چاشقان پادىشاھ مەشكە يېقىن ئولتۇرغان چاشقانلارنى قۇيرۇقىنى ئوتقا تۇتۇپ كۆيۈك پۇرىقىنى چىقىرىشقا بۇيرۇپتۇ. چۈنكى، چاشقانلار رۇخسارگۈلنىڭ پۇرىقىنى ياقتۇرمايدىكەن.

— سەن يېگۈدەك، ئىچكۈدەك نەرسىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتىڭغۇ؟ — دەپتۇ چاشقان پادىشاھ.

بىرىنچى چاشقان قېزا زىخنى تاشلىغانىكەن، ئۇنىڭدىكى گۈللەر غايىب بولۇپ، زىخنىڭ ئۆزىلا قاپتۇ. چاشقان ئۇنى چىش كولىغۇچنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپتۇ.

— تاغ جىنى ماڭا: «رۇخسارگۈل كۆز بىلەن كۆرىدىغان، بۇرۇن بىلەن ھىدلايدىغان، قول بىلەن سىلايدىغان نەرسە. لېكىن، ئۇنىڭدىن قولاق بىلەن ئاڭلايدىغان، تىل بىلەن تېتىيدىغان نەرسە قېپقالىدۇ» دېدى، — دەپتۇ بىرىنچى چاشقان، ئارقىدىن زىخنى چەككەنىكەن، مۇزىكا ياڭراشقا باشلاپتۇ، بىراق بۇ

ئورمانلىقتىكى تاغ جىنلىرىنىڭ يىغىلىشىدىكى مۇزىكا ئەمەس، بەلكى ئاشخانىدا ئاڭلىغىلى بولىدىغان مۇزىكا ئىكەن. ئۇنىڭدا شامالنىڭ تۇرخۇنلارغا ئۇرۇلغان چاغدىكى غۇيۇلدىغان ئاۋازى، قازاننىڭ پورۇقلاپ قاينىغان ئاۋازى، ساپلىقنىڭ مىس قازانغا ئۇرۇلۇپ چىقارغان ئاۋازى بار ئىكەن. كېيىن، بىردىنلا ھەممە نەرسە تىمتاس بولۇپ كېتىپتۇ. ئەمدىلىكتە چوگۇننىڭ يېقىملىق شىڭىلدىشىنى، قۇمقازاننىڭ پورۇقلىشىنى ئاڭلىغىلى بولىدىكەن. بىرىنچى چاشقان قولىدىكى زىخنى توختىماي پۇلاڭلىتىپتۇ، قازان پورۇقلاپ قايناپتۇ، ئىچىدىن كۆپۈك ئۆرلەپ تېشىپتۇ، شامال غۇيۇلداپتۇ، تۇرخۇنلارمۇ گۇركىرەپتۇ.

— بۇ زىخ شورپاڭ قالتىس ئىكەن! — دەپتۇ چاشقان پادىشاھ، — ئەمدى بىز يەنە بىرەيلەننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ باقايلى!

## 3. ئىككىنچى چاشقان نېمە دېدى

— مەن ئوردا كۇتۇپخانىسىدا دۇنياغا كەلگەنمەن، — دەپتۇ ئىككىنچى چاشقان، — مەن ۋە ئائىلەمنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى يېمەكلىك ئامبىرىغا كىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاشخانىغا كىرىش شەرىپىگىمۇ ئېرىشەلمىگەن. مەن سەپەرگە چىقىپ دۇنيانى ئايلىنىپ بۈگۈن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم ئاشخانىنى كۆرۈشۈم. كۇتۇپخانىدا بىز دائىم ئاچ قالىمىز، بىراق بىزنىڭ ئىگە بولغان بىلىمىمىز ئاز ئەمەس. پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ قېزا زىخدىن شورپا قاينىتالايدىغان

كىشىنى مۇكاپاتلايدىغانلىق خەۋىرى بىزگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مومام بىر قوليازمىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. مومام ئۇنى ئوقۇيالمايدىكەن، ئەمما باشقىلارغا ئوقۇتۇپ كۆرگەنىكەن. ئۇنىڭدا: «ئەگەر سەن شائىر بولساڭ، قىزا زىخىدىن شورپا پىشۇرالايسەن» دەپ يېزىلغانىكەن. مومام مېنىڭدىن شائىر ـ شائىر ئەمەسلىكىمنى سورىدى. مەن: «شائىر دېگەننى نەدىن بىلەي!» دېدىم. ئۇ: «ئۇنداق بولسا، بىر ئامال قىلىپ شائىر بولغىن» دېدى. لېكىن، شائىر بولۇشنىڭ شەرتى نېمە بولغىيدى؟ مومامنىڭ باشقىلاردىن ئاڭلىشىچە، بۇنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت، تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە تۇيغۇدىن ئىبارەت ئۈچ شەرتى بار ئىمىش. مومام: «ئەگەر سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا مۇشۇ نەرسىلەر بولسا، شائىر بولالايسەن ۋە چوقۇم قىزا زىخىدىن شورپا پىشۇرالايسەن» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، مەن سەپەرگە ئاتلىنىپ، بىر ئامال قىلىپ شائىر بولماقچى بولدۇم.

مەن ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ بارلىق شەيئىلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىملىقىنى، قالغان ئىككىسىنىڭ ئۇنچىۋالا قالتىس نەرسىلەر ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم. شۇڭا، ئالدى بىلەن ئەقلىي قابىلىيەتنى ئىزدىمەكچى بولدۇم. ئۇ نەدىدۇ؟ چۇمۇلىنىڭكىگە بارسام بەلكىم ئەقىللىق بولۇپ قالارمەن دەپ ئويلىدىم. چۈنكى، مەن كۇتۇپخانىدا «ئەقىللىق بولاي دېسەڭ، چۇمۇلىنى تاپ» دېگەن ماقالنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ سەپەردە مەن چۇمۇلىلەر ئۇۋىسى جايلاشقان بىرىنچى دۆڭلۈككە يېتىپ بارغۇچە توختىماي ماڭدىم. يېتىپ بارغاندىن كېيىن، دۆڭلۈكنىڭ يېنىغا يوشۇرۇنۇپ، ئەقىللىق بولۇشنى ساقلاپ ياتتىم.

دۆڭلۈكتىكى چۆمۈلىلەر كاتتا جەمەت ئىكەن، ئاددىيلىق ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئىكەن. ئۇلاردا ھەرقانداق نەرسە خۇددى قىلچە خاتاسىز ھېسابلانغان ھېساب مەسىلىسىگە ئوخشايدىكەن. خىزمەتتە ۋە چۆمۈلە تۇخۇمى تۇغۇشتا پۈتۈنلەي رېئال تۇرمۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەلگۈسى كۆزدە تۇتۇلىدىكەن. ئۇلار پاكىز چۆمۈلە ۋە پاسكىنا چۆمۈلە دەپ ئايرىلىدىكەن؛ دەرىجىسى رەقەم بىلەن ئىپادىلىنىدىكەن. چۆمۈلە خانىش بىرىنچى نومۇرلۇق بولۇپ، بىردىنبىر توغرا پىكىر ئۇنىڭكى بولىدىكەن، چۈنكى ئۇ بارلىق ئەقىل - پاراسەتنى سۈمۈرۈۋالغانىكەن. بۇ نۇقتىنى بىلىۋېلىش مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم. چۆمۈلە خانىش نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى، ئۇ ئىنتايىن ئەقىللىق ئىكەن، بەك ئەقىللىق بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ گەپلىرى بەكلا ھاماقەتلەرچە قىلىنغان گەپلەردەك بىلىنىدىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ دۆڭلۈكى دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز نەرسە ئىكەن، بىراق دۆڭلۈكنىڭ يېنىدىلا بىر دەرەخ بار بولۇپ، ئۇ دۆڭلۈكتىن كۆپ ئېگىز ئىدى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن، بىر چۆمۈلە شۇ ئەتراپتا يولدىن ئېزىپ قېلىپ دەرەخنىڭ يېرىمىغىچە يامىشىپ چىقىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ چىققان يېرىمۇ ھەرقانداق چۆمۈلىنىڭ ئىلگىرى بېرىپ باققان يەرلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئېگىز ئىكەن. چۆمۈلە ئۇۋىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەمراھلىرىغا دۆڭلۈكنىڭ يېنىدا ئىنتايىن ئېگىز بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. لېكىن، بارلىق چۆمۈلىلەر بۇنى جەمئىيەتىمىزگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ قاراپتۇ، شۇنىڭ



بىلەن، ھېلىقى چۈمۈلە ئاغزىنى چاپلىۋېتىشكە ھۆكۈم قىلىنىپتۇ، شۇنداقلا كۆپچىلىك بىللە تۇرۇشى چەكلىنىپتۇ. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي، يەنە بىر چۈمۈلە ھېلىقى ئېگىز دەرەخنىڭ قېشىغا بېرىپ قېلىپ، ئوخشاش كەچۈرمىشنى بېشىدىن كەچۈرۈپتۇ، ئوخشاش ئىشنى بايقاپتۇ. ئۇمۇ چۈمۈلىلەرگە كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپتۇ. بۇ چۈمۈلە پاكىز چۈمۈلىلەر تۇرىدىغان كىرىدىغان، شۇنداقلا گەپ - سۆزنى جايىدا قىلىدىغان ھۆرمەتكە سازاۋەر چۈمۈلە بولغاچقا، چۈمۈلىلەر ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنىپتۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، چۈمۈلىلەر بىر دانە چۈمۈلە تۇخۇمىنى تۇرغۇزۇپ ئۇنىڭ خاتىرە تېشى قىپتۇ، چۈنكى ئۇلار ئىلىمنى بەك ھۆرمەت قىلىدىكەن.

— مەن يەنە شۇنداق ئىشنىمۇ كۆردۇم، — دەپتۇ ئىككىنچى چاشقان، — چۈمۈلىلەر تۇخۇمىنى يۇدۇۋېلىپ توختىماي يۈگۈرىدىكەن. بىر چۈمۈلە يۇدۇۋالغان تۇخۇم چۈشۈپ كېتىۋىدى، ئۇنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن جىق كۈچىدى، ئەمما زادىلا يۇدىيەلمىدى. بۇ چاغدا ئىككى چۈمۈلە كېلىپ ئۇنىڭغا ياردەملەشتى، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى تۇخۇم چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ياردەملىشىشنى توختاتتى، چۈنكى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تۇخۇمىدىن خەۋەر ئېلىشى كېرەك - دە. چۈمۈلە خانىش: «بۇ ئىش مېھرىبانلىق ۋە ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئىپادىسى. بۇ ئىككى نەرسە بىزنى بارلىق ئىدراكلىق جانلىقلار ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە قىلغان. ئەقلىي قابىلىيەت ئەڭ مۇھىم، مانا مەندە ئەڭ چوڭ ئەقلىي قابىلىيەت بار» دېدى ۋە ئارقا پۇتلىرى

بىلەن تىكلىنىپ قەددىنى رۇسلىدى. ئۇ ئادەمنى بەك بىزار قىلىدىكەن، شۇڭا ئۇنى يۇتۇۋەتتىم. مانا ئەمدى قورسىقىمدا چۈمۈلە خانىش بار بولدى، ئەقىللىق بولۇپ قالارمەن دەپ ئويلىدىم مەن!

مەن بايا گېپىنى قىلغان دەرەخنىڭ يېنىغا باردىم. بۇ دۇب دەرىخى ھەقىقەتەن بەك ئېگىز، باراقسىنىمۇ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك قېرى دەرەخ ئىكەن. مەن بۇ يەردە بىر جانلىقنىڭ، يەنى بىر خانىمنىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم، ئۇنى ئادەملەر «دەرەخ جىنى» دەپ ئاتىشىدۇ، ئۇ دەرەخ بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ ياشايدۇ. مەن بۇنى كۆتۈپخانىدا ئاڭلىغان. ئەمدى مەن شۇنداق دەرەخنى، بىر دۇب خانىمنى كۆردۈم. مەن يېقىنلىشىۋىدىم، ئۇ چىرقىرىۋەتتى. بارلىق ئاياللارغا ئوخشاش، ئۇمۇ چاشقاندىن بەك قورقىدىكەن. لېكىن، باشقا ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ قورقۇشىنىڭ سەۋەبى كۆپرەك، چۈنكى مەن دەرەخنى غاجىلىيالايمەن، لېكىن ئۇ دەرەخ بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ ياشايدۇ ئەمەسمۇ! مەن سەمىمىيلىك ۋە مۇلايىملىق بىلەن گەپ قىلىۋىدىم، ئۇ يۈرەكلەندى ۋە مېنى چىرايلىق قولىغا قويدى. ئۇ مېنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ كەڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىمنى ئۇققاندىن كېيىن، كەچتە مەن ئىزدەۋاتقان ئىككى گۆھەرنىڭ بىرىگە ئېرىشەلىشىم مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ: «تەسەۋۋۇر مېنىڭ ئەڭ ياخشى دوستۇم، ئۇ مۇھەببەت ئىلاھىغا ئوخشاش گۈزەل، دائىم قويۇق يوپۇرماقلىق شاخلاردا ئارام ئالىدۇ. ئۇ مېنى ئۆزۈمنىڭ دەرەخ جىنى دەپ ئاتايدۇ، شۇڭا بۇ دەرەخ تەسەۋۋۇرلۇق دەرەخكە ئايلانغان. دەرەخنىڭ

ئۇستىدە قۇشلار سايراپ، باشقا ئەللەردىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ دەرەختىكى ئاۋۇ بىردىنبىر قۇرۇق شاخنى كۆردۈڭمۇ؟ تورنا ئۇنىڭغا چاڭگا سېلىپ چىرايلىق بېزىۋالدى. ئۇنىڭدىن ئەلئىپەرامىلىرى بار مەملىكەت ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. تەسەۋۋۇر بۇ نەرسىلەرنى ياقتۇرىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلارلا بولسا يېتەرلىك ئەمەس. مەن يەنە ئۇنىڭغا بۇ دەرەخنىڭ كىچىك چېغىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئورمانلىقتىكى ھاياتىنى سۆزلەپ بېرىمەن. ئۇ چاغدا بۇ دۆب دەرىخى تېخى نوتا ئىدى، بىر تال چاققاق ئوتمۇ ئۇنى يېپىۋالاتتى، قارا، ھازىر مۇشۇنداق قاۋۇل بولۇپ كەتتى. ئەمدى سەن پاقىيوپۇرماقنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ، تەسەۋۋۇرنىڭ كېلىشىنى دىققەت بىلەن كۈت. مەن پۇرسەت تېپىپ ئۇنىڭ قانىتىدىن بىر تال پەينى يۇلۇۋېلىپ ساڭا بېرەي. ھەرقانداق شائىرمۇ ئۇنىڭدىن ياخشىسىغا ئېرىشەلمەيدۇ!» دېدى.

— ئاخىر تەسەۋۋۇر كەلدى، دۆب خانىم ئۇنىڭ پېيىنى يۇلۇۋېلىپ ماڭا بەردى، — دەپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى ئىككىنچى چاشقان، — مەن ئۇنى يۇمشىسۇن دەپ سۇغا چىلاپ قويدۇم، بۇنداق بولغاندا يۇتۇش تەسكە چۈشمەيدۇ ـ دە ! لېكىن، مەن ئۇنى چايناپ ـ چايناپ ئېزىۋەتتىم. چۈنكى، شائىر بولۇش ئاسان ئىش ئەمەس ـ دە ! شۇنىڭ بىلەن، مېنىڭدە ئىككى نەرسە، يەنى ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن تەسەۋۋۇر بار بولدى. بۇ ئىككىسىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، مەن ئۈچىنچى نەرسىنى كۈتۈپخانىدىن تېپىش كېرەكلىكىنى بىلدىم. بىر ئۇلۇغ ئەرباب شۇنداق دېگەن ۋە شۇنداق دەپ

يازغانىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، شۇنداق بىر خىل رومانلار بار ئىكەنكى، ئۇلارنى يېزىشتىن مەقسەت كىشىلەرنىڭ ئارتۇقچە كۆز ياشلىرىنى سۈمۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ئىكەن، يەنى بۇ رومانلار تۇيغۇنى سۈمۈرۈۋالىدىغان بىر خىل بۇلۇت بولالايدىكەن. بۇنداق كىتابتىن ئىككىسى مېنىڭ ئېسىمدە بار.

مەن كۇتۇپخانىدىكى ئۆيۈمگە قايتىپ كېلىپ، دەرھال پۈتۈن بىر رومانىنى، يەنى يۇمشاق، ھەقىقىي كىتاب ۋاراقلىرىنى يەۋەتتىم، ئەمما قاتتىق مۇقاۋىسىنى شۇ پېتى قالدۇرۇپ قويدۇم. مەن بۇ كىتابنى ئاجاپ بولۇپ، يەنە بىر كىتابنى غاجاپ بولغاندىن كېيىن، قورسىقىمدا نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ قىمىرلاۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئۈچىنچى كىتابنى ئازراق غاجىغاندىن كېيىن، مەن شائىرغا ئايلاندىم. ئۆزۈمگىمۇ، باشقىلارغىمۇ شۇنداق دېدىم. ئەمدى ئويلىسام، ئاشۇ ھېكايىلەرنى بىر تال قېزا زىخى بىلەن بىر يەرگە تىزغىلى بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىن نۇرغۇن - نۇرغۇن زىخلار ئېتىلىپ چىقىدىغان بولدى. سىز شائىر بولغان چېغىڭىزدا، بۇ زىخلارنى شېئىر قىلالايدىكەنسىز. مانا مەن شائىر بولۇپ، ھەر كۈنى سىزگە بىر تال زىخنى، بىر ھېكايىنى تەقدىم قىلالايدىغان بولدۇم. مانا بۇ مېنىڭ زىخ شورپام!

— بۇ دېگىنىڭنىمۇ بولىدىكەن دەيلى، ئەمدى ئۈچىنچى چاشقاننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ باقايلى! — دەپتۇ چاشقان پادىشاھ.

«چىر - را! چىر - را!»

ئاشخانىنىڭ ئىشىكى تەرەپتىن شۇنداق بىر ئاۋاز

ئاڭلىنىپتۇ. بىر چاشقان، يەنى چاشقانلار ئۆلدىگە چىقىرىۋەتكەن تۆتىنچى چاشقان چىرىلدىغىنىچە كىرىپ كەپتۇ. ئۇ بۇ يەرگە كەلگۈچە كېچە - كۈندۈز يۈگۈرگەن، يەنە تېخى يۈك پويىزىغىمۇ چىقىپ يول يۈرگەن، شۇنداق قىلىپمۇ يەنىلا سەل كېچىكىپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ مويلىرى پاخپىيىپ كەتكەنىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ قىزا زىخىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ، ئەمما ئاۋازىنى يوقىتىپ قويماپتۇ. گويا ھەممەيلەن ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشنى ساقلاۋاتقاندەك، ئۇ دەرھال سۆزلەشكە كىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ كېلىشى شۇنچە تۇيۇقسىز بوپتۇكى، ئۇ سۆزىنى باشلىغاندا، ھېچكىمگە گەپ قىستۇرغۇدەك ۋاقىتمۇ بەرمەپتۇ.

## 4. ئۈچىنچى چاشقاندىن گەپنى تارتىۋالغان تۆتىنچى چاشقان نېمىلەرنى سۆزلىدى

— مەن دەرھال يولغا چىقىپ ئەڭ چوڭ شەھەرگە باردىم، — دەپتۇ تۆتىنچى چاشقان، — بۇ شەھەرنىڭ ئىسمىنى ئېسىمدە تۇتۇۋالمىدىم، چۈنكى مەن ئىسىمنى ئەستە تۇتۇشقا ماھىر ئەمەس. مەن مال بېسىلمىغان يۈك ئاپتوموبىلىغا چىقىۋېلىپ شەھەرلىك پارلامېنت زالىغا كەلدىم، يەنە گۈندىپاينىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ ئۆزىنىڭ جىنايەتچىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ گەپ - سۆز قىلغاندا ئاقىۋەتتى بىلەن كارى بولمايدىغان بىر جىنايەتچىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ جىنايەتچىنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى باشقىلارمۇ تەكرارلاپ

سۆزلەيدىكەن، قەغەزگە يازىدىكەن، يەنە تېخى ساتىدىغانلارمۇ بار ئىكەن. «بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى قېزا زىخى شورپىسىغا ئوخشاش بەتتەم! — دېدى تورمە باشقۇرغۇچى، — لېكىن، ئۇ مۇشۇ شورپا سەۋەبىدىن كاللىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن!» بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھېلىقى جىنايەتچىگە قىزىقىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن، پۇرسەت تېپىپ ئۇنىڭ يېنىغا كىردىم، تەلىيىمگە، قۇلۇپلاقلىق ئىشىكنىڭ كەينىدە بىر چاشقان كامېرى بار ئىكەن! جىنايەتچىنىڭ چىرايى تاتارغان بولۇپ، پۈتۈن يۈزىنى ساقال بېسىپ كەتكەنىكەن، چوڭ كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىكەن. جىنچىراغتىن ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىكەن، كامېرنىڭ تۆت تېمى شۇنىڭغا كۆنگەن بولسا كېرەك، قارا بولغاندىمۇ تەڭدىشى يوق دەرىجىدە قاپقارا ئىكەن. جىنايەتچى ئاق بور بىلەن تاملارغا رەسىملەرنى سىزىپتۇ، شېئىرلارنى يېزىپتۇ. مەنغۇ بۇ شېئىرلارنى ئوقۇمىدىم، ئەمما ئۇ بەك ئېسىل شېئىرلار دەپ بىلىدىكەن. مەن ئۇنىڭ ئەڭ قارشى ئالىدىغان مېھمىنى بولۇپ قالدىم. ئۇ بولكا ئۇۋاقلىرى بىلەن، ئىسقىرتىش ۋە مۇلايىم سۆزلىرى بىلەن مېنى قىزىقتۇرماقچى بولدى. ئۇ مېنى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ قالدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئىشەندىم، شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز دوست بولۇپ قالدۇق. ئۇ بولكىسىنى مەن بىلەن تەڭ يېدى، سۇيىنى تەڭ ئىچتى، ماڭا پىشلاق ۋە قېزا بەردى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا ناھايىتى ياخشى ياشىدىم. لېكىن، شۇنداق دېيەلەيمەنكى، مېنى ئۇنىڭ يېنىغا قالدۇرغان نەرسە ئىككىمىزنىڭ دوستانە ئالاقىمىز. ئۇ مېنىڭ ئالىقىنىغا چىقىشىمغا، بىلىكىگە،

ھەتتا قولتۇقىغا ئۆمىلەپ چىقىشىمغا، يەنە تېخى ساقىلىغا يامىشىشىمغا يول قويدى، مېنى كىچىك دوستۇم دەپ ئاتايدىغان بولدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا بەك يېقىنچىلىق قىلدىم. بۇ دەل «ئالمىقىنىڭ بەرمىكى بار» دېگەندەكلا ئىش دەڭلار! شۇنىڭ بىلەن، مەن بۇ بىپايان دۇنيادا چېچىپ يۇرۇشتىكى بۇرچۇمنى، تامىنىڭ يېرىقىغا يوشۇرۇپ قويغان قېزا زىخىنى ئۇنتۇپلا كەتتىم. مەن شۇ يەردە قېپقېلىشنى خالايتتىم. بىلىشىڭلار كېرەككى، مۇبادا كېتىپ قالغۇدەك بولسام، ھېلىقى جىنايەتچى دوستىسىز بولۇپ قالاتتى. كۇنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ماڭا ئىنتايىن قايغۇرغان قىياپەتتە گەپ قىلدى، بولكا ۋە پىشلاقنى ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىن ھەسسىلەپ جىق بەردى، يەنە تېخى ماڭا سۆيۈش ئىشارىسى قىلدى. كېيىن، ئۇ كەتتى، شۇ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىدى. مەن ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى زادىلا بىلەلمىدىم. كېيىن، گۇندىپايىنىڭكىگە باردىم. ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەم بوپتىكەن، مېنى قەپەسكە سولاپ قويدى. قەپەستە دەسسىگەن ھامان دومىلايدىغان غالتەك بار ئىكەن. ئۇ جاننى ئالىدىغان كاساپەت ئىكەن! يۈگۈرىدىكەنسەن، يۈگۈرىدىكەنسەن، ھەرقانچە يۈگۈرسەڭمۇ يەنىلا ئۆز ئورنۇڭدىن نېرىغا بارالمايدىكەنسەن!

گۇندىپاينىڭ قىز نەۋرىسى ئالتۇن رەڭ چاچلىرى بۇجغۇر، كۆزلىرىدە شادلىق ئويناپ تۇرىدىغان، ئاغزىدىن كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئوماق قىزچاق ئىكەن. ئۇ قۇلۇپلاقلىق قەپەسكە قاراپ: «بىچارە چاشقانچاق!» دېدى ۋە قەپەسنىڭ بىر تال سىم شادىسىنى سۇغۇرۇپ

چىقىرىۋەتتى. مەن قەپەستىن ئېتىلىپ چىقىپ ئۆزۈمنى ئوچۇق تۇرغان دېرىزىگە ئاتتىم. ئەركىنلىككە ئېرىشتىم، ئەركىن بولدۇم! شۇ چاغدا مەن شۇنىلا ئويلىدىم، سەپەرگە چىقىشتىكى مەقسىتىم خىيالىمغىمۇ كەلمىدى.

بۇ چاغدا كەچ كىرگەن بولۇپ، كېچە بولايلا دەپ قالغانىدى. مەن بىر قەدىمىي مۇنارغا بېرىپ يوشۇرۇندۇم، بۇ يەردە مۇنار قاراۋۇلى بىلەن بىر ھۇۋقۇش تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى، بولۇپمۇ ھۇۋقۇش ماڭا ئىشەنمىدى. ئۇ بەئەينى مۇشۇككىلا ئوخشايدىكەن، چاشقان يەيدىغان چوڭ يېتەرسىزلىكى بار ئىكەن. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ھۆرمەتكە لايىق، ئىنتايىن تەربىيە كۆرگەن كىچىك ھۇۋقۇش ئىكەن. ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى مۇنار قاراۋۇلىنىڭ بىلىدىغانلىرىدىن جىق ئىكەن، خۇددى مېنىڭ بىلىدىغانلىرىمدەكلا جىق ئىكەن. ئۇ ھەرقانداق ئىشنى ئىلەشتۇرۇپ ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدىكەن، ھەدېسىلا: «قىزا زىخىدا شورپا قايناتما!» دەيدىكەن. بۇ ئۇنىڭ «مەززىسىز قۇرۇق گەپ قىلما» دېگىنى بولۇپ، ئەڭ يامان گېپى ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگە بەك سادىق ئىكەن. مېنىڭدە ئۇنىڭغا قارىتا زور ئىشەنچ پەيدا بولدى. ئۇ مېنىڭ ئىشەنگىنىمنى ياقتۇرۇپ قالغان ئوخشايدۇ، مېنى قوغداشقا، ھەرقانداق ھايۋاننىڭ مېنى بوزەك قىلىشى ۋە زىيانكەشلىك قىلىشىغا يول قويماسلىققا ۋەدە بەردى. ئۇ يېمەكلىك قىس بولىدىغان قىش كۈنلىرىدە مېنىڭدىن يالغۇز بەھرىمەن بولماقچى ئىكەن.

ئۇ ھەممە ئىشنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدىكەن. شۇڭا، مەن ئۇنىڭدىن قىزىل زىخىدا شورپا پىشۇرۇشنىڭ ئۇسۇلىنى ئېيتىپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم. ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «قىزىل زىخىدا شورپا پىشۇرۇش دېگەن ئادەملەرنىڭ سۆزلىشىدىكى بىر ئۇسۇل، ئۇنىڭغا قارىتا ئوخشاشمايدىغان تۈرلۈك چۈشەنچىلەر بار، ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىنى ئەڭ توغرا دەپ قارايدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ھەممىسى شۇنداقلا بىر ئىش!»

«شۇنداق بىر ئىش ئىكەن - دە!» مەن بەك ھەيران بولدۇم.

ھەقىقەت دائىملا ئادەمنى راھەتلەندۈرۈۋەرمەيدۇ، لېكىن ھەقىقەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ! ھۆۋقۇش شۇنداق دېدى. مەن باش قاتۇرۇپ ئاخىر شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، ئەگەر ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بۇ نەرسىنى ئېلىپ قايتسام، قىزىل زىخىدا پىشۇرغان شورپىدىنمۇ ياخشى بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئالدىراپ - تېنەپ يولغا چىقىپ، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ھەممىدىن ياخشى نەرسىنى، يەنى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدىم. چاشقانلار بىلىملىك جەمەت، چاشقان پادشاھ بولسا بارلىق چاشقانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ - ئەڭ بىلىملىك. ھەقىقەت سەۋەبىدىن، ئۇ مېنى خانىش قىلىشى مۇمكىن.

— سىنىڭ دېگەن ھەقىقىتىڭ پۈتۈنلەي يالغان - ياۋىداق گەپلەردىنلا ئىبارەت! — دەپتۇ تېخى سۆزلەشكە ئىجازەت بېرىلمىگەن ئۈچىنچى چاشقان، — بۇ شورپىنى پىشۇرۇشنى مانا مەن بىلىمەن، چوقۇم ئۇنى پىشۇرالايمەن!

## 5. ھېلىقى شورپا قانداق پىشۇرۇلىدۇ

— مەن ئۇياق - بۇياقلاردا چىپىپ يۈرمىدىم، — دەپتۇ ئۇچىنچى چاشقان، — مەن ئۆزىمىزنىڭ مەملىكىتىدىن ئايرىلمىدىم، مۇشۇنداق قىلىشلا توغرا بولىدۇ! چىپىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، مۇشۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا ھەممە نەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. مەن قېزا زىخىدا شورپا پىشۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزۈم پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق تاپتىم. بۇ مۇنداق ئىش ئىكەن: سىز قازانغا سۇنى لىق قاچىلاپ، ئوچاققا ئوت قالايسىز. سۇ قاينىسۇن، چوقۇم پورۇقلاپ قاينىشى كېرەك. بۇ چاغدا قېزا زىخنى قازانغا تاشلايسىز. ئاندىن كېيىن، پادىشاھىمىز ئېغىر كۆرمەي قۇيرۇقىنى قازانغا تىقىپ قايناۋاتقان سۇنى ئىلەشتۈرىدۇ. ئىلەشتۈرگەن ۋاقتى قانچە ئۇزاق بولسا، شورپا شۇنچە تەملىك بولىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچقانداق تېتىتقۇ سېلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق !

— باشقا چاشقانلار قۇيرۇقى بىلەن ئىلەشتۈرسە بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ چاشقان پادىشاھ.

— بولمايدۇ، ئالىيلىرى، — دەپتۇ ھېلىقى چاشقان، — بۇنداق كۈچ - قۇدرەت پەقەت سىلىنىڭ قۇيرۇقلىرىدىلا بار!

سۇ پورۇقلاپ قايناپتۇ، چاشقان پادىشاھ ئوچاققا يېقىن تۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇ قۇيرۇقىنى ئىسسىق ھورنىڭ ئىچىگە تىقا - تىقمايلا سەكرەپ پەسكە چۈشۈپتۇ.

— ئەلۋەتتە، سەن مېنىڭ خانىشىم بولۇشۇڭ

كېرەك! — دەپتۇ ئۇ ئۈچىنچى چاشقانغا، — زىخ شورپىسىنىڭ گېپىنى بىزنىڭ ئالتۇن توي خاتىرە كۈنىمىز كەلگەندە قىلىشايلى! بۇنداق بولغاندا، مېنىڭچە دۆلىتىمىزدىكى نامرات چاشقانلارنى خۇشال قىلالايدىغان، ئۇلارنى ئۇزاق خۇشال قىلالايدىغان نەرسە بار بولغۇدەك!

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار توي قىپتۇ، لېكىن بىرمۇنچە چاشقانلار ئۆيىگە قايتىدىغان چاغدا:

— بۇنى قېزا زىخى شورپىسى ئەمەس، چاشقان قۇيرۇقى شورپىسى دېيىش كېرەك. قىلىنغان گەپلەرگۇ بەك ياخشى بولدى، ئەمما ئەمەلىيەت باشقىچە بولۇپ چىقتى! — دېيىشىپتۇ.

# تۈزۈك ئىش قىلىش

— مەن تۈزۈك ئىش قىلىشىم كېرەك! — دەپتۇ بەش ئوغۇلنىڭ تۇنجىسى، — مەن دۇنياغا ئازراق بولسىمۇ پايدىسى تېگىدىغان ئىشنى قىلىشىم كېرەك، ئۇ ئەرزىمەس ئورۇندىكى ئىش بولسىمۇ مەيلى، پايدىلىق بولسىلا بولدى. مەن خۇمدانچى بولىمەن، كىشىلەرگە بۇ نەرسە كەم بولسا بولمايدۇ.

— لېكىن، سېنىڭ بۇ ئىشىڭ بەكلا ئەرزىمەس ئىشقۇ! — دەپتۇ ئىككىنچى ئوغۇل، — ئۇنى نۆلگە تەڭ دېسەكمۇ بولىدۇ. ياق، ئەڭ ياخشىسى تامچى بولغان تۈزۈك، مانا بۇنى ئىش دېسەك بولىدۇ. مانا مەن تامچى بولماقچىمەن، مانا بۇنى بىر مەرتىۋە دېسەك بولىدۇ. تامچى بولسام، كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىغا كىرەلەيمەن، شەھەرلىككە ئايلىنالايمەن، ئۆزۈمنىڭ ۋىۋىسكىسىنى

ئاسالايمەن، يەنە تېخى ئۆز كەسپىمدىكىلەر كىرىدىغان مەيخانىغا بىمالال كىرەلەيمەن! ئەگەر تېخىمۇ ئوبدانراق ئىشلىيەلىسەم، شاگىرت ئىشچىلارنى ياللىيالايمەن، «ئۇستاز» دەپ ئاتىلىمەن①، ئايالىممۇ «ئۇستاز ئانا» بولىدۇ.

— شۇنىمۇ ئىش دېگىلى بولامدۇ؟ — دەپتۇ ئۇچىنچى ئوغۇل، — ئۇ مەرتىۋە دەرىجىلىرىنىڭ سىرتىدىكى ئىش. شەھەر دېگەندە دەرىجە بەك كۆپ، ئۇستا دېگەنلەر كۇرمىڭ، سەن ھەرقانچە ئۇستا، ھەرقانچە سەمىمىي ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ، كىشىلەر سېنى يەنىلا «ئادەتتىكى ئادەم» دەيدۇ. مەن ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىشنى بىلىمەن. مەن بىناكار بولۇپ، سەنئەت ساھەسى ۋە ئىدىيە ساھەسىگە كىرىمەن. مەن ئىشنى ئەڭ تۆۋەندىن باشلىشىم مۇمكىن، توغرىسىنى ئېيتسام، ئىشنى ياغاچچىنىڭ يۇگۇر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىشتىن باشلىسام بولىدۇ. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى مېنى پىۋا، ھاراق ئەكېلىپ بېرىشكە بۇيرۇشى مۇمكىن، بۇ ئادەمگە ئار كېلىدىغان ئىشلار بولسىمۇ، يۇز تېپىش يولىدىكى ئۇششاق ئىشلار دەپ قارايمەن. كۇنلەرنىڭ بىرىدە رەسمىي شاگىرت بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ يولىدا ماڭىمەن. سەنئەت ئىنستىتۇتىغا كىرىپ رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىمەن. مەن بىناكار بولۇپ كاتتا ئىمارەتلەرنى سالغىنىمدا، كىشىلەر ئىسمىمنىڭ ئالدىغا

① دانىيە فېئوداللىق جەمئىيەت مەزگىلىدە تۈرۈۋاتقاندا، قول سانائەت كەسپىدە كەسىپ ئۇيۇشمىسى تۈزۈمى قاتتىق ئىدى، كەسىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشكەن قول ھۈنەرۋەنلەرلا ئۇستاز بولۇپ ئۆز كەسپىنىڭ ئۇيۇشمىسىغا كىرەلەيتتى، شاگىرت ياللىيالايتتى.



ياكى كەينىگە «هۆرمەتلىك»، «تەقسىر» دېگەندەك سۆزلەرنى قوشۇپ ئاتايدىغان بولىدۇ. مانا بۇنى تۈزۈك ئىش قىلىش دەيمىز!

— مەن ئۇ ئىشىڭنى ياراتمايمەن! — دەپتۇ تۆتىنچى ئوغۇل، — مەن ئېقىمغا ئەگىشىپ، خەق نېمە قىلسا شۇنى قىلىشنى خالىمايمەن. مەن تالانتلىق ئادەم بولۇپ، سىلەرنىڭكىدىنمۇ كاتتا ئىشلارنى قىلىمەن. مەن بىناكارلىقتا يېڭى ئۇسلۇب يارىتىپ، ئېلىمىزنىڭ كىلىماتى ۋە ماتېرىياللىرىغا لايىق كېلىدىغان، مىللىيەتلىكىمىزگە ۋە دەۋرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىمارەتلەرنى بەرپا قىلىپ تالانتىمنى نامايان قىلىمەن.

— ئەگەر كىلىمات ۋە ماتېرىيال توغرا كەلمەي قالسىچۇ، ئۇ چاغدا قانداق قىلىسەن؟ — دەپتۇ بەشىنچى ئوغۇل، — ئۇ چاغدا چاتاق بولىدىغۇ؟ مىللىيەتلىككە كەلسەك، ئۇنى كىشىلەر خالىغانچە كۆپتۈرۈۋېتىپ ساختا نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. خۇددى ياشلارنىڭ پات - پات ئەسەبىيلىشىپ قالغىنىدەك، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى سېنى ئەسەبىيلەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن، ھېچقايسىڭلار ھەقىقىي تۈزۈك ئىش قىلالمىغۇدەكسىلەر. لېكىن، سىلەر خالىغىنىڭلارنى قىلىۋەرسەڭلار بولىدۇ، مەن سىلەرنى دورىمايمەن. مەن بىر چەتتە تۇرۇپ، سىلەر قىلغان ئىشلارنى تەتقىق قىلىمەن. قايسى ئىش ئەپلەشمەي قالسا، ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىشىڭلارغا باھا بېرىمەن. تۈزۈك ئىش دېگەن مانا شۇ!

دەرۋەقە، چوڭ ئوغۇل خۇمدانچىلىق بىلەن

شۇغۇللىنىپتۇ، ھەربىر خىشنى پىشۇرغاندا، ئۇنىڭغا خۇمداندىن بىر مىس تەڭگە دومىلاپ چىقىۋاتقاندەك بىلىنىدىكەن. بۇ مىس تەڭگىلەر يىغىلىۋەرسە، كۆزنى چاقنىتىدىغان كۇمۇش تەڭگىلەرگە ئايلىنىدىكەن. بۇ تەڭگىلەر جىرىڭلىغاندا، بولكىخانىنىڭ بولامدۇ، گۆشخانىنىڭ بولامدۇ، ئىشقىلىپ قايسىلا دۇكاننىڭ ئىشىكى بولسۇن، داغدام ئېچىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، چوڭ ئوغۇل خالىغان نەرسىسىنى ئالالايدىكەن. قاراڭ، خىشنىڭ مۇشۇنداق قۇدرىتى بار ئىكەن! بەزى خىشلار پىشۇرۇش ياكى يۆتكەش جەريانىدا سۇنۇپ كېتىدىكەن، ئەمما ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق ئورنى چىقىپ قالىدىكەن.

دېڭىز توسمىسى يېنىدىكى مارگېرېت ئانا نامرات موماي ئىكەن. ئۇنىڭ خىشتىن بىر ئېغىز ئۆي سېلىۋالغۇسى بار ئىكەن. ئۇ ئاشۇ پارچە - پۇرات خىشلارنى يىغىپتۇ، چوڭ ئوغۇل كۆڭلى يۇمشاق ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە پۈتۈن خىشمۇ بېرىپتۇ. ئاخىر نامرات مومايىنىڭ خىش ئۆيىمۇ بار بوپتۇ، گەرچە ئۆي كىچىك، دېرىزىسى قىڭغىر ئورنىتىلىپ قالغان بولسىمۇ، ھەرھالدا مومايىنىڭ پاناھلانغۇدەك جايى بوپتۇ، يەنە تېخى دېرىزىدىن دېڭىزنى تاماشا قىلغىلىمۇ بولىدىكەن.

ئىككىنچى ئوغۇل داڭلىق تامچى بوپتۇ. شاگىرتلىرى ئۆگىنىش مۇددىتىنى تۈگىتىپ ئىشقا چۈشكەندە، ئىككىنچى ئوغۇل ئۇلارغا كەسىپ قوشىقىنى ئېيتىپ بېرىدىكەن:



يۇگۇرىمەن، چۇنكى ياشمەن، قاۋۇلمەن،
ھەممە يەردە ئۆي - ئىمارەت سالىمەن.
ھۈنىرىمدۇر مېنىڭ ئېسىل ھەمىيىنىم،
ياشلىقىمدۇر مېنىڭ بەختىم، تەلىيىم.
قايتقىنىمدا يۇرتۇمغا مەن ھەر قېتىم،
دىلكىشىمگە دەيمەن شۇنداق: ئەي جېنىم!
بولسا ئەگەر ئادەم ئىشچان ھۈنەرۋەن،
روناق تېپىپ ياشىشى تەس ئەمەسكەن!

ئۇ دېگىنىنى ئىشقا ئاشۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەجرىدىن ئىككى قاسىنىقىدا ئېسىل ئۆيلەر قەد كۆتۈرگەن بىر كوچا بىنا بوپتۇ. بۇ كوچا شەھەرگە ھۆسن قوشۇپتۇ. ئۇ بۇ ئەجرىنىڭ بەدىلىگە مۇشۇ كوچىدىكى بىر يۇرۇش ئۆينىڭ ئىگىسى بولۇپ قاپتۇ. يەنە تېخى بىر چىرايلىق قىزنى ئەمرىگە ئېلىپ، مۇشۇ ئۆيدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ياشاپتۇ.

ئەمدى ئۈچىنچى ئوغۇلغا كەلسەك، ئۇ ئاۋۋال ياغاچچىنىڭ شاگىرتى بولۇپ يۇگۇر - يېتىم ئىشلارنى قىپتۇ، بىراق كېيىن سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇش ئارقىلىق بىناكار بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر كىشىگە ئايلىنىپتۇ. تامچى ئاكىسى ھېلىقى كوچىدىكى بىر ئۆينىڭ ئىگىسى بولغان بولسا، ئۈچىنچى ئوغۇلنىڭ ئىسمى بۇ كوچىنىڭ نامى قىلىنىپتۇ.

تۆتىنچى ئوغۇلغا كەلسەك، ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى بويىچە يېڭى ئۇسلۇب يارىتىپ، ئاكىلىرى سالغىنىدىن بىر قەۋەت ئېگىز بىنا سېلىپتۇ. ئەمما، ئۇ بىنادىن

يىقىلىپ چۈشۈپ بويىنى ئۈزۈلۈپ ئۆلۈپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭ ماتەم مۇراسىمىنى دەبدەبىلىك ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. مۇراسىمدا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ مەرسىيە ئوقۇلۇپتۇ، مەرسىيىلەر بىر - بىرىدىن ئۇزۇن ئىكەن، بۇنداق بولۇشىمۇ ئۇنىڭ روھىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئىكەن، چۈنكى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن.

يىللار ئۆتۈپ، تۆت ئوغۇل دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. بەشىنچى ئوغۇل، يەنى ئاكىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى تەتقىق قىلماقچى بولغىنى ئۇلارغا قارىغاندا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپتۇ. كېيىن، ئۇمۇ قېرىپ ھالىدىن كېتىپتۇ ۋە ئاخىر بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپتۇ. ئۇنىڭ روھى ئۇنىڭغا ئوخشاشلا جەننەتكە كىرگۈسى كەلگەن يەنە بىرەيلەننىڭ روھى بىلەن جەننەتنىڭ دەرۋازىسىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇ دەل دېڭىز توسمىسىنىڭ يېنىدا ئۆيى بار ھېلىقى مارگېرىت ئانا ئىكەن.

— بۇ موماي كىمدۇ؟ — دەپتۇ تەتقىقاتچى بەشىنچى ئوغۇل، — ئۇمۇ بۇ يەرگە كىرمەكچىمىكىنە؟

موماي تىزىنى سەل پۈكۈپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ ۋە:

— مەن بىر نامرات بىچارە، بىرەر تۇغقىنىممۇ يوق! مەن دېڭىز توسمىسىنىڭ يېنىدا تۇرىدىغان مارگېرىت ئانا، — دەپتۇ.

— ھە، مۇنداق دەڭ، ئۇ دۇنيادا سىز نېمە ئىشلارنى قىلدىڭىز؟

— ھېچقانداق ئىش قىلمىدىم! جەننەت ئۆزىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرگۈدەك بىرەر ئىش قىلغىنىم

يوق. ئەگەر پەرۋەردىگار مېنىڭ بۇ يەرگە كىرىشىمگە ئىجازەت بەرسە، ماڭا قىلغان ئەڭ چوڭ شاپائىتى بولاتتى!

— سىز ئۇ دۇنيادىن قانداق ئايرىلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ بەشىنچى ئوغۇل مومايىنى گەپكە سالماقچى بولۇپ. چۈنكى، جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلغۇچە خېلى كۈتۈشكە توغرا كېلىدىكەن.

— قانداق ئايرىلغىنىم ئۆزۈمگىمۇ ئېنىق ئەمەس، — دەپتۇ موماي، — ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئاغرىقتىن نېرى بولالمىدىم، كېيىن ھەتتا كارىۋاتتىنمۇ چۈشەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆزىڭىز بىلىسىز، ھۆرمەتلىك ئەپەندى، بۇ يىل قىش بەك سوغۇق بولدى، بىپايان دېڭىزنى قار - مۇز قاپلىدى. شەھەرلىكلەر مۇز تېيىلغىلى كېلىدىغان بولدى. ئۇلارنى مۇز تېيىلىدۇ دېگەندىن كۆرە، مۇز ئۈستىدە ئۇسسۇل ئوينايدۇ دېگەن تۈزۈك. چۈنكى، مەن ھېلىقى غېرىبانە ئۆيۈمدە يېتىپ مۇزىكا ساداسىنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇراتتىم. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئاي كۆتۈرۈلگەندە، ئاي نۇرىنىڭ تولىمۇ ئاجىز ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىپ قالدىم. مەن دېرىزە تۈۋىدە دېڭىز ساھىلىغا قاراپ ياتاتتىم. ئۇپۇقتىن غەلىتە ئاق بۇلۇتنىڭ لەيلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا قارا چېكىت باردەك قىلاتتى، بۇ چېكىت بارغانسېرى يوغىناۋاتاتتى، مەن بۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى شۇ ھامان بىلىپ يەتتىم. يېشىم چوڭ، تەجرىبەم بار مېنىڭ، شۇڭا ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلىمەن. مەن ۋەھىمىگە چۈشتۈم! مەن بۇنداق ئىشنى بۇرۇن ئىككى قېتىم كۆرگەن.

دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇن ۋە شىددەتلىك دولقۇنلارنىڭ ئېتىلىپ كېلىپ، كەيىپ ـ ساپا قىلىشىۋاتقان، مۇز تېيىلىۋاتقان، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، خۇشاللىقتا چۆمگەن ئاشۇ بىچارىلەرنى يالماپ يۇتۇپ كېتىشىگە ئاز قالغانىدى. بىلەمسىز، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق، چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش شەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە ئىدى. مەن بىلىدىغان ئەھۋالنى ھېچكىم كۆرەلمەيتتى، ھېچكىم بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇلارنى كىممۇ ئاگاھلاندۇرالىشى مۇمكىن؟ مەن راستىنلا بەك قورقۇپ كەتتىم. كۆپ يىللاردىن بېرى مەن شۇ چاغدىكىدەك تېتىكلىشىپ باقمىغان. كارىۋاتتىن چۇشۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدىم، ئۇنىڭدىن يىراقتا بارغۇدەك ماغدۇرۇم يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، دېرىزىنى ئاچتىم. كىشىلەر مۇز ئۈستىدە يۈگۈرۈشۈپ، سەكرەپ ـ تاقلاپ ئويناۋاتاتتى، بالىلارنىڭ چوقان ـ سۈرەنلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، قىز ـ يىگىتلەر ناخشا ئېيتىشىۋاتاتتى، ئىشقىلىپ ھەممەيلەن خۇشاللىقتا چۆمگەنىدى. لېكىن، قارا چېكىتلىك ئاق بۇلۇت بارغانسېرى ئېگىزلەۋاتاتتى. مەن جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىدىم، بىراق ئارىلىق بەك يىراق بولغاچقا، ئاۋازىمنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. بوران ـ چاپقۇن يېتىپ كېلەي دەپ قالغانىدى، ئۇ چاغدا مۇز يېرىلىپ، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سۇغا غەرق بولاتتى. ئۇلار مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىيالمايتتى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا بارالمايتتىم. لېكىن، ئۇلارنى قۇرۇقلۇققا باشلاپ كېلىشنىڭ ئامالىنى قىلالىشىم مۇمكىن ئىدى. دەل شۇ چاغدا، پەرۋەردىگار كارىۋات كىرلىكىمگە ئوت يېقىشنى كۆڭلۈمگە سالدى، ئۆيۈم

كۆيۈپ كەتسە مەيلى، شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئىچىنىشلىق ئۆلۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرسام بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئوت ياقتىم، قىپقىزىل يالقۇن كۆتۈرۈلدى، بۇ چاغدا مەنمۇ تالاغا چىقىۋالدىم، بىراق ئىشىكتىن ئانچە يىراقلاشمايلا يىقىلىپ قالدىم. ئوت بارغانسېرى كۈچىيىپ پۈتۈن ئۆينى قاپلىدى. كىشىلەر بۇ ھالنى كۆرۈپ، ماڭا ياردەم بەرمەكچى بولۇپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئۇلار مېنى ئوت ئىچىدە قالدى دەپ قېلىشقانىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرىنى ئاڭلىدىم، يەنە بوران ـ چاپقۇننىڭ ۋەھىمىلىك گۈركىرىشىنىمۇ ئاڭلىدىم. دەھشەتلىك قۇيۇن مۇز پارچىلىرىنى ئۇچۇرۇشقا باشلىدى. بەختكە يارىشا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى توسمىغا كېلىۋالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالدىم، بىراق ئۆزۈم سوغۇق ۋە ساراسىمىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىر جەننەتنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ قالدىم. كىشىلەر بۇ دەرۋازا مېنىڭدەك بىر بىچارىگىمۇ ئېچىپ بېرىلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىشتى. ھازىر توسمىنىڭ يېنىدىكى ئۆيۈم يوق بولدى.

بۇ چاغدا جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ، پەرىشتە مومايىنى جەننەتكە باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇنىڭ شال پاخلىدىن قىلىنغان بورىسى سىرتتا قاپتۇ. ئۇ كارىۋىتىغا سالغان بۇ بورىغا ئوت يېقىپ نۇرغۇن كىشىنى قۇتقۇزۇۋالغانىكەن. ئەمدى بۇ بورا چىرايلىق نەقىشلەر ئويۇلغان ساپ ئالتۇنغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

— قارا، بۇ نامرات مومايىنىڭ ئېلىپ كەلگىنى مۇشۇ! — دەپتۇ پەرىشتە بەشىنچى ئوغۇلغا، — بىراق

سەن نېمە ئېلىپ كەلدىڭ؟ توغرا، مەن ئوبدان بىلىمەن، سەن ھېچقانداق ئىش قىلمىدىڭ، ھەتتا بىرەر پارچە خىشنىمۇ قويۇپ باققىنىڭ يوق. ئەمدىلىكتە بىرەر ياخشى ئىش قىلاي دېسەڭمۇ قىلغۇدەك ئىمكانىڭ يوق، مەن ساڭا ياردەم بېرەلمەيمەن.

بۇ چاغدا، نامرات مومايىنىڭ روھى ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلەپ:

— ئۇنىڭ ئاكىسى ماڭا نۇرغۇن پارچە خىش بەرگەن، ئۆيۈمنى ئاشۇ خىشلار بىلەن سالغانىدىم. ئاشۇ پارچە - پۇرات خىشلار ئۇنىڭغا ئارا بولالامسۇ؟ — دەپتۇ.

— بۇ مومايغا ياخشىلىق قىلغان كىشى دەل سەن يارامسىز دېگەن ئاكاڭ شۇ، — دەپتۇ پەرىشتە، — سەن ئۇنى سەممىيلىك ۋە ئىشچانلىق بىلەن ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنىلا قىلالايدىغان ئادەم دەپ قارىغانىدىڭ، مانا ئەمدى ئۇ سېنىڭ جەننەتكە كىرىشىڭ ئۈچۈن ئارا تۇرۇۋاتىدۇ. سېنى بۇ يەردىن قوغلىۋەتمەي تۇراي، سەن دەرۋازا سىرتىدا تۇرۇپ، بۇ يەردىكى تۇرمۇشۇڭنى قانداق ئۆتكۈزۈش ئۈستىدە ئوبدانراق ئويلان. لېكىن، سەن بىرەر ياخشى ئىش قىلمىساڭ، بۇ دەرۋازىدىن كىرەلمەيسەن!

# دۇب دەرەخنىڭ ئاخىرقى چۈشى

(مىلاد بايرىملىق چۆچەك)

ئورمانلىقنىڭ دېڭىز ساھىلىغا يېقىن يېرىدە بىر قېرى دۇب دەرىخى بار ئىكەن، ئۇ دەل ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش ياشقا كىرگەنىكەن. لېكىن، دەرەخلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنچە ئۇزاق ۋاقىت بىزنىڭ شۇنچە كۆپ كېچە ۋە كۈندۈزنى ئۆتكۈزگىنىمىزگىلا ئوخشايدىكەن، خالاس. بىز كۈندۈزى ئويغاق يۈرۈپ، كېچىسى ئۇخلاپ ئۆزىمىزنىڭ چۈشىنى چۈشەيمىز، لېكىن دەرەخلەر ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار ئۈچ پەسىل ئويغاق بولىدۇ، پەقەت قىش كۈنلىرى يېتىپ كېلەي دېگەندىلا، ئاندىن ئۇيقۇنى باشلايدۇ. قىش كۈنى ئۇلارنىڭ ئۇخلاش ۋاقتى، ئۇزۇندىن — ئۇزۇن كۈندۈزدىن كېيىنكى كېچىسى. بۇ ئۇزۇن كۈندۈزنى كىشىلەر ئەتىياز، ياز ۋە كۈز دەپ ئاتىشىدۇ.

ئىللىق ياز كۈنلىرىدە، لەيلىگەكلەر دۈب دەرىخىنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرىدىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى تولىمۇ بەختلىك ھېسابلايدىكەن. ئارقىدىن، بۇ ئۇششاق جانىۋارلار كاۋچۇك يوپۇرماقلىرىدا بىردەم ئارامخۇدا دەم ئالىدىكەن. بۇ چاغدا، قېرى دۈب دەرىخى:

— بىچارە جانىۋارلار، سىلەرنىڭ پۈتۈن ئۆمرۈڭلار ئاران بىر كۈنلا ئىكەن ! نېمىدېگەن قىسقا - ھە، بەك ئېچىنىشلىق ئىش - دە، بۇ! — دەيدىكەن.

— ئېچىنىشلىق دەمسەن؟ — دەيدىكەن لەيلىگەكلەر، — سەن نېمە دېمەكچى؟ بىز ئۈچۈن بۈنىڭدىن ياخشى كۈن يوق. قارا، ھاۋا شۇنچە ئىللىق، ئەتراپ شۇنچە گۈزەل، بىز شۇنچە خۇشال !

— لېكىن، ئاران بىر كۈن - دە! ئاندىن كېيىن ھەممىڭلار تۈگەيسىلەر.

— تۈگەيسىلەر؟ نېمە تۈگەيدۇ؟ سەنمۇ تۈگەمسەن؟

— ياق، مەن سىلەرنىڭكىدەك كۈندىن نەچچە مىڭ، نەچچە ئون مىڭنى ياشىشىم مۇمكىن. مېنىڭ بىر كۈنۈمنىڭ ئۆزىلا تۆت پەسىل ! بۇ بەك ئۇزاق ۋاقىت، سىلەر ھەرگىز ھېسابلاپ چىقالمايسىلەر.

— شۇ ئەمەسمۇ! سەندە بىزنىڭ مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن كۈنلىرىمىز بار ئىكەن، ئەمما كۆز ئالدىمىزدىكى مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن دەقىقە بىزگە خۇشاللىق، بەخت تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ! ئېيتقىنا، سەن ئۆلگەندە، دۇنيادىكى ھەممە گۈزەل نەرسىلەر تۈگەپ كېتەمدۇ؟

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دەپتۇ دۈب دەرىخى، — ئۇلار ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت داۋاملىشىدۇ، مېنىڭ



تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ ئۇزاق ۋاقىت ياشايدۇ!

— لېكىن، بۇ بىز ئۇچۇن ئوخشاش، پەقەت ھېسابلاش ئۇسۇلىمىز ئوخشاشمايدۇ، خالاس!

لەيلىگەكلەر شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ، يەنە كۆكتە پەرۋاز قىلىدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەپىس قاناتلىرىنى، تىۋىتتەك يۇمشاق موينىلىرىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن، ئېگىز ئاسماندا ئۇچۇش ئۇلارنى شادلاندۇرىدىكەن. ئۇچقۇلاقلارغا چۈمكەلگەن دالىدىن، چىتلاقلاردىكى ياۋا ئەتىرگۈللەردىن كېلىۋاتقان خۇش پۇراقلار لەيلىگەكلەرنى مەستخۇش قىلىدىكەن. كۈندۈز ئۇزاق ھەم گۈزەل، خۇشاللىق ۋە تاتلىق تۇيغۇلارغا تولغان. قۇياش غەربكە پېتىۋاتقاندا، لەيلىگەكلەر بۇنداق مەستخۇشلۇق ئىچىدە ھارغىنلىق تۇيغۇسىغا پاتىدىكەن.

بۇ چاغدا قاناتلىرىنىڭ ئۇلارنى كۆتۈرگۈدەك ھالى قالمايدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەيىن يەلپۈنۈۋاتقان ئوت - چۆپلەر ئۈستىگە سىيرىلىپ چۈشىدىكەن - دە، ناھايىتى تېزلا ئۇيقۇغا، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىدىكەن.

«بىچارە لەيلىگەكلەر! — دەيدىكەن دۇب دەرىخى، — ئۇلارنىڭ ئۆمرى ھەقىقەتەن بەك قىسقا ئىكەن !»

يازنىڭ ھەربىر كۈنى ئوخشاشلا پەرۋاز قىلىش، ئوخشاش سۆز، ئوخشاش جاۋاب ۋە ئۇخلاش بىلەن ئۆتىدىكەن، لەيلىگەكلەر مۇشۇ ھالەتنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرىدىكەن، ھەممىسى ئوخشاشلا بەختلىك، ئوخشاشلا خۇشال ئىكەن. دۇب دەرىخى ئەتىياز، ياز، كۈزدە ئويغاق ئىكەن، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئۇيقۇ مەزگىلى، ئۇنىڭ كېچىسى، يەنى قىش كۈنلىرى يېتىپ كېلىدىكەن. بۇ چاغدا، بوران ناخشا ئېيتىشقا باشلايدىكەن: «خەيرلىك كەچ، خەيرلىك كەچ! چۈشمەكتە ئەنە ياپراقلار! بىز ئۇلارنى ئۈزىمىز، بىز سېنى ئۇخلىتىمىز! ناخشىمىز سېنى ئۇخلىتار! سېنى يەڭگىل تەۋرىتىپ ئۇيقۇڭنى كەلتۈرىمىز. ئۇخلا، ئۇخلا! بولۇتلار قار ئۇچقۇنلىرىنى چاچماقتا، قار ئۇچقۇنلىرى ئەتراپىنى ئىللىق يوتقان بىلەن چۈمكىدى! تاتلىق ئۇخلاپ گۈزەل چۈش كۆرگىن !»

دۇب دەرىخى ياپراقلىرىنى تاشلىۋېتىپ، ئۇزۇن قىش كۈننى خاتىرجەم ئۆتكۈزىدىكەن، قىش كۈنلىرى كۆپ چۈش كۆرگىلى بولىدىكەن، كۆرگەنلىرى ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار بولىدىكەن.

بىر زامانلاردا ئۇ راستتىنلا بەك كىچىك بولۇپ، ئۇرۇقىنىڭ پوستى ئۇنىڭ بۆشۈكى بولغانىكەن.

ئىنسانلارنىڭ ھېسابلىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ ھازىر تۆتىنچى ئەسىردە ياشاۋېتىپتۇ. ئۇ بۇ ئورمانلىقتىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ھۆرمەتلىك دەرەخ ئىكەن، ئۇنىڭ دەرەخ باراخسىنى باشقا دەرەخلەرنى يېپىپ تۇرىدىكەن، دېڭىزنىڭ خېلى ئىچكىرىسىدىنلا ئۇنى كۆرگىلى بولغاچقا، ئۇ پاراخوتلارنىڭ نىشان بەلگىسىگە ئايلىنىپ قالغانىكەن. قانچىلىغان كۆزلەرنىڭ ئۆزىنى ئىزدەيدىغانلىقىنى، دەرەخ باراخسىنىغا پاختەكلەرنىڭ چاڭگا سالىدىغانلىقىنى، كاككۇكلارنىڭ ئۆزىگە قونۇپ سايرايدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىكەن. كۈز كۈنلىرى ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى نېپىز مىس ياپراقچىلارغا ئوخشاپ قالغان چاغدا، پەسىل قۇشلىرى ئۇنىڭغا قونۇپ ئارام ئېلىۋېلىپ، ئاندىن دېڭىز ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ يىراقلارغا كېتىدىكەن. قاغا ۋە توك قاغىلار ئۇنىڭ شاخلىرىغا قونۇپ ئارام ئالغاچ، قىشنىڭ سوغۇقلۇقى ۋە قىش كۈنلىرىدە ئوزۇق تېپىشنىڭ بەك قىيىنلىقى توغرۇلۇق پاراڭلىشىدىكەن.

مۇقەددەس مىلاد بايرىمىدا، بۇ دۇب دەرىخى ئاجايىپ گۈزەل چۈش كۆرۈپتۇ. بۇ سىلەرنىڭ ئاڭلاپ بېقىشىڭلارغا ئەرزىيدىغان چۈش:

دۇب دەرىخى بۇ بىر خۇشاللىق كۈن ئىكەنلىكىنى بەك ئېنىق ھېس قىپتۇ، چېركاۋنىڭ ئەتراپىدا ياڭرىغان قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بوپتۇ، يەنە خۇددى بىر گۈزەل ياز كۈنىدىكىدەك تالا ئىللىق ئىكەن. ئۇ قويۇق دەرەخ باراخسىنىنى يېيىپتۇ، قۇياش نۇرى پاكىز ھەم ياپيېشىل شاخ - يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا جىمىرلاپتۇ، ھاۋادا گۈل - گىياھ ۋە چاتقاللارنىڭ خۇش پۇرىقى

چاڭقىپتۇ. گويا پەرۋازىدىن خۇشاللىق تېپىش ئۈچۈنلا ياشايدىغاندەك، رەڭگارەڭ كېپىنەكلەر قوغلاشماق، لەيلىگەكلەر ئۇسسۇل ئوينىشىپتۇ. دۇب دەرىخىنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىدىن بىرمۇبىر ئۆتۈپتۇ. دۇب دەرىخى قەدىمكى زاماندىكى رىتسارلار ۋە خانىملارنى كۆرۈپتۇ، ئۇلار پەي قىستۇرۇقلۇق شلەپىلىرىنى قولىغا ئېلىۋالغىنىچە، ئورمانلىقنىڭ يېنىدىن ئاتلىق ئۆتۈپتۇ. ئوۋ كانايلىرى ياڭراپتۇ، ئوۋ ئىتلىرى ئۇياق - بۇياققا چېپىشىپتۇ. ئۇ ياۋ بىلەن ئېلىشقىلى ماڭغان ئەسكەرلەرنىڭ يالتىراپ تۇرغان قوراللىرىنى، رەڭگارەڭ كىيىملىرىنى، ئۇلارنىڭ چېدىر تىكىپ، چېدىر يىغىشتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قاراۋۇللار ياققان گۈلخاننى، كىشىلەرنىڭ دەرەخ باراخسىنى ئاستىدا ناخشا ئېيتقان ۋەئۇخلىغانلىرىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئايدىڭ كېچىدە ئۇچرىشىشقا كەلگەن ئاشىق - مەشۇقلارنى، ئۇلارنىڭ بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلگەنلىكىنى، ئىسىملىرىنى ئۆزىنىڭ قوۋزىقىغا ئويۇپ قويغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

بۇ چاغدا، دۇب دەرىخى خۇددى ھاياتلىق بولىقى ئۇنىڭ ئەڭ ئىنچىكە يىلتىزلىرىدىن ئەڭ ئېگىزدىكى شاخلىرىغىچە، ھەتتا ھەربىر يوپۇرماقلىرىغىچە ئېقىپ بارغاندەك ياىراپ كېتىپتۇ. شۇڭا، ئۇ داۋاملىق ئۆسۈپ بولۇتلارنى تېشىپ ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭ ھەربىر يوپۇرمىقى گويا كۆزى باردەك كۈندۈزدىمۇ يۇلتۇزلارنى كۆرەلەيدىغان بوپتۇ، ئۇلارغا يۇلتۇزلار ھەم چوڭ، ھەم يورۇق كۆرۈنىدىكەن. يۇلتۇزلار خۇددى كۆزدەك چىمىلداپ تۇرىدىكەن. ئۇلار قېرى دۇب دەرىخىنىڭ خاتىرىسىدە



تونۇش، ئوماق كۆزلەر، بالىلارنىڭ كۆزلىرى، دەرەخ تۈۋىدە ئۇچراشقان ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ كۆزلىرى بولۇپ ساقلىنىدىكەن.

مانا بۇ پەيت ئۇنىڭ بەختىيار چېغى ئىكەن. ئۇ مۇشۇ بەخت ئىچىدە، ئۆزىدە بىر خىل ئارزۇ ۋە ئۈمىدنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئۇ ئورمانلىقتىكى ھەممە دەرەخنىڭ، ھەممە چاتقال، گۈل - گىياھلارنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئۆسۈشىنى، بۇ خۇشاللىقلارنى بىللە ھېس قىلىشىنى ئارزۇ قىپتۇ. ئەگەر چوڭ - كىچىك گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە چوڭ بولمىسا، بۇ كاتتا دۇب دەرىخى بۇ كۆڭۈللۈك چۈشىدە خۇشاللىقنى تولۇق ھېس قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئۈمىدى، بۇ ئارزۇسى ھەربىر شېخى، ھەربىر يوپۇرمىقىدا يالتىراپ تۇرىدىكەن.

دۇب دەرىخىنىڭ غولى خۇددى نېمىدۇر بىرنېمىنى ئىزدەپ زادىلا تاپالمايۋاتقاندەك ئىرغاڭلاپ تۇرىدىكەن.

دۇب دەرىخىنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. باشقا دەرەخلەرمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئېگىز ئۆسۈپتۇ. چاتقال ۋە ئوت - چۆپلەرمۇ بۆلەكچە بوي تارتىپتۇ. قېيىن دەرىخى ئەڭ تېز ئۆسۈپ، شاخلىرى خۇددى بايراقلاردەك دولقۇنلاپ تۇرىدىغان بوپتۇ. ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ غوڭۇلداشلىرى، تورلۇك - تۈمەن قۇشلارنىڭ زوق - شوق بىلەن سايراشلىرى، شادلىق سادالىرى كۆكنى قاپلاپتۇ.

«بۇلاق ياقىسىدىكى قىزىلگۈللەرمۇ بۇ قاتارغا قېتىلىشى كېرەك ! — دەپتۇ دۇب دەرىخى، — يەنە كۆك

رەڭلىك نازىگۈل ۋە ئانتىمىس گۈلمۇ بار!»

دۈب دەرىخى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قاتنىششىنى ئارزۇ قىپتۇ.

«بىز كېلىپ بولدۇق ! بىز كېلىپ بولدۇق !» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ.

«ئۆتكەن يىلى يازدا ئاۋۇ يەردە ئۇچقۇلاقلاربار ئىدى. ئالدىنقى يىلى بۇ بىر پارچە يەر لاندىش گۈل بىلەن تولغانىدى، يەنە بەك چىرايلىق ياۋا ئالمىلار بار ئىدى. ھازىر بار بولغان بولسا، ئۇلارمۇ بۇ قاتارغا قوشۇلغان بولاتتى !» دەپتۇ دۈب دەرىخى.

«بىز كېلىپ بولدۇق، بىزمۇ كېلىپ بولدۇق !» ناخشا ساداسى ۋە جاراڭلىق ئاۋازلار تېخىمۇ يىراقلارغا تارقىلىپتۇ.

«بەك ياخشى بولدى، بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ ! — دۈب دەرىخى گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا تولۇقۇپتىپتۇ، — ئۇلارنىڭ ھەممىسى، چوڭىدىن كىچىكىگىچە ھەممىسى كەپتۇ! بىرىمۇ قېپقالماپتۇ. بۇنداق بەختنى ھەرقانچە قىلىپمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ!»

داۋاملىق ئۆسۈۋاتقان دۈب دەرىخى يىلتىزىنىڭ نەم تۇپراقتىن بوشىغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بوپتۇ.

«ئەمدى بەك ياخشى بولدى ! — دەپتۇ ئۇ، — ئەمدى مېنى ھېچنېمە تۇتۇپ قالالمايدۇ. مەن ئەڭ ئېگىزگە ئۇچۇپ چىقالايدىغان بولدۇم. مەن ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەر، مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن، ھەممىسى مېنىڭ بىلەن بىللە ئۇچىدىغان بولدى !»

«ھەممىمىز سەن بىلەن بىللە !» دېگەن سادا

ياڭراپتۇ...

مانا بۇ دۇب دەرىخىنىڭ چۈشى ئىكەن. ئۇ چۈش كۆرۈۋاتقاندا، مۇقەددەس مىلاد بايرىمى كېچىسى شىددەتلىك بوران چىقىپ، دېڭىز يۈزى ۋە قۇرۇقلۇقتا نەرە تارتىپتۇ، ھەيۋەتلىك دېڭىز دولقۇنى ساھىلغا ئۇرۇلۇپتۇ. دۇب دەرىخى دەل نەم تۇپراقتىن يىلتىزىنىڭ ئايرىلغانلىقىنى كۆرگەن چاغدا، يىلتىزى بىلەنلا قومۇرۇلۇپ غۇلاپ چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۈچيۈز ئاتمىش بەش يىلى لەيلىگەكنىڭ بىر كۈنىگە ئوخشاپ قاپتۇ.

مىلاد بايرىمى ئەتىگىنى قۇياش كۆتۈرۈلگەندە، بورانمۇ توختاپتۇ. بارلىق چېركاۋلارنىڭ قوڭغۇراقلىرى شادىيانە ئاھاڭدا جاراڭلاپتۇ. ھەربىر تۈرخۇندىن، ھەتتا نامرات دېھقانلارنىڭ تۈرخۇنلىرىدىنمۇ ئىس كۆتۈرۈلۈپتۇ. دېڭىز ئاستا - ئاستا تىنچلىنىپتۇ. كېچىچە ئۇشقىرتقان بورانغا بەرداشلىق بەرگەن بىر پاراخوت بارلىق بايراقلىرىنى چىقىرىپتۇ. ھەممە جاينى مىلاد بايرىمى شادلىقى قاپلاپتۇ.

— ھېلىقى قېرى دۇب دەرىخى — بىزنىڭ ماياك كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېيىشىپتۇ ماتروسلار، — ئىسىت، ئۇ بوراندا غۇلاپ چۈشۈپتۇ - دە! ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىنى نېمە ئالار؟ ھەي - ي، ھېچكىم ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ!

ساھىلدا سوزۇلۇپ ياتقان دۇب دەرىخى كىشىلەرنىڭ ئەنە شۇنداق باھاسىغا ئېرىشىپتۇ.

# ئۇچقاندەك تېز يۈگۈرىدىغان نەرسە

يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۇچۇن بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات تەسىس قىلىنىپتۇ. بۇ مۇكاپات بىر يىل ئىچىدە يۈگۈرۈش تېزلىكى ئەڭ يۇقىرى بولغانلارغا بېرىلىدىكەن.

— مانا مەن بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتىم، — دەپتۇ ياۋا توشقان، — لېكىن، باھالىغۇچىلار ئارىسىدا ئائىلىسىدىكىلەر ياكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى مۇسابىقىگە قاتناشقان بولسا، ئۇلار تېخىمۇ ئادىل، شەخسىيەتسىز بولۇشى كېرەك. قۇلۇلە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، مېنىڭچە، بۇ ماڭا قىلىنغان بىر خىل ھاقارەت!

— بۇنداق دېسەڭ قاملاشمايدۇ، — دەپتۇ مۇكاپات



تارىقىتىشقا قاتناشقان چىتلاق، — تىرىشچانلىق ۋە ياخشى نىيەتنىمۇ كۆزدە تۇتۇشمىز كېرەك. ھۆرمەتكە سازاۋەر بىرقانچەيلەنمۇ شۇنداق دېيىشتى، مەنمۇ شۇنداق قارايمەن. قۇلۇلە بوسۇغىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ھەقىقەتەن يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ تېز ھېسابلىنىدىغان يۈگۈرۈش ھەرىكىتىدە، ئۇ يەنە يوتا سۆڭىكىنى سۇندۇرۇۋالدى. ئۇ پۈتۈن جان - دىلى بىلەن بېرىلىپ يۈگۈردى، يەنە تېخى ئۆيىنى يۇدۇپ دېمەمسىلەر! بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدۇ! شۇڭا، ئۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى!

— ئەسلىدە مەنمۇ مۇكاپاتلىنىدىغانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلۈشۈم كېرەك ئىدى! — دەپتۇ قارلىغاچ، —

تۇز ئۇچۇش ۋە تېز قايرىلىپ ئۇچۇش جەھەتلەردە ھېچكىم مېنىڭدەك تېز ئەمەس. ئېيتىڭلارچۇ، مەن قەيەرگە بېرىپ باقمىغان؟

— شۇنداق، لېكىن بۇ دەل سېنىڭ تازا قاملاشمىغان يېرىڭ! — دەپتۇ چىتلاق، — سەن دائىم لاغايلاپلا يۈرسەن! ھاۋا سوۋۇغان ھامان چەت ئەلگە كېتىپ قالىسەن، سېنىڭدە ئازراقمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك يوق! شۇڭا، سېنى ئويلاشمىدۇق.

— لېكىن، مەن پۈتۈن قىشنى سازلىقتا ئۇخلاش بىلەن ئۆتكۈزسەم، ئۇ چاغدا مېنى ئويلىشامسىلەر؟ — دەپتۇ قارلىغاچ.

— سازلىق خانىمدىن سېنىڭ ۋەتەندە بىر يىل ئۇخلىغانلىقىڭ توغرۇلۇق خەت ئېلىپ كەلسەڭ، ئاندىن ئويلىشىمىز.

— ئەسلىدە مەن ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەمەس، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات ئېلىشىم كېرەك ئىدى، — دەپتۇ قۇلۇلە، — مەن ئوبدان بىلىمەن، ياۋا توشقان قورقۇنچاقلىقىدىن يۈگۈرىدۇ، ھەر قېتىم ئۇ بىرەر خەتەرنىڭ شەپىسىنى تۇيسىلا، شۇ ھامان چېپىپ كېتىدۇ. ئەكسىچە، مەن ھەر قېتىم يۈگۈرگەندە، بىر خىل بۇرچ تۇيغۇسىدا بولىمەن. ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلغاندا ھاردۇقۇم چىقىپ قالغاندەك بولىمەن. ئەگەر بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات ئادىللىق بىلەن بېرىلىدىغان بولسا، دەل ماڭا بېرىلىشى كېرەك! لېكىن، مەن بۇنى نەزىرىمگە ئېلىپ كەتمەيمەن.

ئۇ بىرنى تۈكۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مەنستىمەسلىكىنى ئىپادىلەپتۇ.

— قەسەم ئىچەلەيمەنكى، ھەر قېتىملىق باھالاشتا مەن ئادىللىق بىلەن ئويلىنىمەن، — دەپتۇ ئورمانلىقتىكى كونا يول بەلگىسى، — مەن دائىم مەلۇم تەرتىپكە ئەمەل قىلىپ، ئەستايىدىل ئويلانغان ۋە ھېسابلىغاندىن كېيىن بېلەت تاشلايمەن. ئىلگىرى مەن يەتتە قېتىم مۇكاپات تارقىتىشقا قاتناشقان. ھەر قېتىملىق مۇكاپاتنى تارقىتىشتا مېنىڭ بېكىتىۋالغان پرىنسىپىم بار. يەنى، ھەرپ تەرتىپى بويىچە باشتىن تۆۋەنگە قاراپ ساناش ئارقىلىق بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىنى تاللايمەن، ئاخىرقى ھەرپتىن باشقا قاراپ ساناپ ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىنى تاللايمەن.

— ئەسلىدە مەن ئۆزۈمنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىشى ئۈچۈن بېلەت تاشلىماقچى ئىدىم. ئەگەر مەن باھالاش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولمىغان بولسام شۇنداق قىلاتتىم، — دەپتۇ قېچىر، — بىز يۈگۈرۈشىمىزنىڭ تېزلىكىنىلا ئەمەس، يەنە باشقا شەرتلەرنىمۇ كۆزدە تۇتۇشىمىز كېرەك، مەسىلەن، قانچىلىك يۈك كۆتۈرەلەيدۇ دېگەندەك. ئەمما، بۇ قېتىم مەن بۇنى تەكىتلىمەكچى ئەمەسمەن، يەنە توشقاننىڭ يۈگۈرۈش جەريانىدىكى پەم - پاراسىتىنىمۇ تەكىتلىمەيمەن. كۆپچىلىك ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ ئىنسانلار «گۈزەللىك» دەپ ئاتايدىغان نەرسە. مەن ياۋا توشقاننىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە دىققەت قىلدىم، بۇ كۆزلەر ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىكەن. قاراڭلار، ئۇنىڭ كۆزلىرى نېمىدېگەن چوڭ - ھە! مەن ياۋا توشقاننىڭ

كۆزلىرىگە قارىسام، خۇددى كىچىك چىغىمدىكى ھالىتىمنى كۆرگەندەك بولىمەن. شۇڭا، مەن ياۋا توشقان ئۈچۈن بىلەت تاشلىدىم!

— شۇمۇ گەپ بوپتۇ! — دەپتۇ چىۋىن، — مەن چوڭ - چوڭ گەپلەرنى قىلماقچى ئەمەس، پەقەت بىر ئىشنى دەپ قويماقچىمەن! مەن بىر ياۋا توشقاندىن ئېشىپ كەتكەنلىكىمنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئارقا پۇتىنى بېسىپ ئۈزۈۋەتكەنلىكىمنىمۇ بىلىمەن. مەن پاراۋوزنىڭ ئۈستىگە قونۇپ ئارام ئېلىۋاتاتتىم، مەن دائىم شۇنداق قىلىمەن، بۇنداق بولغاندا ئۆزۈمنىڭ سۈرئىتىمنى ئەڭ ئېنىق كۆرۈۋالالايمەن. بىر ياۋا توشقان ئالدى تەرەپتە يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپتۇ، ئۇ مېنىڭ پاراۋوزغا قونۇپ ئارام ئېلىۋاتقانلىقىمنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى دەڭلار. ئاخىر ئۇ قايرىلىپ يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولدى، نەتىجىدە پويىز ئارقا پۇتىنى بېسىپ ئۈزۈۋەتتى، چۈنكى مەن پاراۋوز ئۈستىدە ئارام ئېلىۋاتاتتىم. شۇنداق قىلىپ، ياۋا توشقان يىقىلىپ چۈشتى، مەن داۋاملىق ئالغا قاراپ چېپىپ كەتتىم. ئەجەبا، بۇ ئۇنى يېڭىۋالغىنىم ئەمەسمۇ؟ لېكىن، ماڭا بۇ مۇكاپاتنىڭ لازىمى يوق!

ياۋا توشقان ئەزەلدىنلا كەم سۆز ئىكەن، ئۇ: «مېنىڭچە، قۇياش نۇرى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتنى ئېلىش شەرىپىگە ئېرىشىشى كېرەك، ھەتتا ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتمۇ ئۇنىڭ بولۇشى كېرەك! قۇياش نۇرى قۇياشتىن بىزگىچە بولغان شۇنچە ئۇزۇن يولنى بىر دەمدىلا بېسىپ بولىدۇ. يەنە تېخى ئۇ تەبىئەتنى ئويغىتىدۇ. قۇياش نۇرى بولغاچقا، ئەتىرگۈللەر قىزىل

رەڭدە ئېچىلىپ خۇش پۇراق چاچىدۇ. قارىغاندا، باھالىغۇچىلار بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلمايدىغان ئوخشايدۇ. ئەگەر مەن قۇياش نۇرى بولغان بولسام، ئۇلارنى سەگەكلەندۈرۈپ قويغان بولاتتىم. ياشىسۇن ئورمانلىقنىڭ تىنچلىقى! گۇللەر ئېچىلغاي، خۇش پۇرىقىدىن كۆڭۈللەر يايرىغاي، ھاياتىمىز رىۋايەت ۋە ناخشا سادالىرى ئىچىدە ئۆتكەي! نېمىلا دېگەنبىلەن، قۇياش نۇرى ھەممىمىزنىڭ ئۆمرىدىنمۇ ئۇزۇن!» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

— بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ باياتىن بېرى ئۇخلاپ ئەمدى ئويغانغان سازاڭ.

— كۆكتاتلىقتا ھەقسىز كىرىش! — دەپتۇ قېچىر، — مەن بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى تەكلىپ قىلىمەن. ياۋا توشقان جەزمەن ئۇنىڭغا ئېرىشىشى كېرەك. مەن ئەقىللىق، نوپۇزلۇق باھالىغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مۇكاپاتقا ئې 0.25رىشكۇچىنىڭ مۇكاپات بۇيۇمىدىن پايدىلىنىش مەسىلىسىنى ئەقىلغا مۇۋاپىق ئويلاشتىم. قۇلۇلە، سەن تاشتىن قوپۇرۇلغان پاسىل تامدا ئولتۇرۇپ موخ ۋە قۇياش نۇرىدىن بەھرە ئالغىن. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، كەلگۈسىمىزگە قارىتا زور ئۈمىدىم بار، بىز ئىشنى ناھايىتى ياخشى باشلىۋالدۇق!

# زەھەرخەندە پادىشاھ

بۇرۇنسىدا بىر زەھەرخەندە پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ پۈتۈن ئوي - خىيالى پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇش، كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ نامىنى ئاڭلىسىلا دىر - دىر تىترەيدىغان قىلىۋېتىش ئىكەن. ئۇ مەشئەل بىلەن قىلىچىنى كۆتۈرۈپ تەرەپ - تەرەپلەردە ئۇرۇش قىلىدىكەن. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى زىرائەتلەرنى دەسسەپ - چەيلەپ ۋەيران قىلىدىكەن، دېھقانلارنىڭ هويلا - ئاراملىرىنى ئوت قويۇپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىدىكەن، ئوت يالقۇنى دەل - دەرەخلەرنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىكەن. بىچارە ئانىلار يالىڭاچ، ئەمچەكتىكى بوۋاقلىرىنى باغرىغا باسقىنىچە، ئىس - تۈتەك تۇرغان تاملارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنىدىكەن. لەشكەرلەر ئىزدەپ تېپىۋالسا، ئۇلارنى قىيناپ كۆڭۈل ئاچىدىكەن. ئۇلارنىڭ

قىلغانلىرىنى ئەڭ زەھەرخەندە ئالىۋاستىلارمۇ قىلالمايدىكەن، لېكىن پادىشاھ مۇشۇنداق قىلىشىمىز كېرەك دەپ قارايدىكەن. ئۇنىڭ ھوقۇقى كۈندىن - كۈنگە يوغىناپتۇ، ئۇ نېمىنى قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلالايدىكەن. ھەممە كىشى ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىسا، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەك باسىدىكەن. ئۇلار ئىشغال قىلغان شەھەرلەردىن ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى تالان - تاراج قىلىدىكەن. ئۇ كىشىنى تاڭ قالدۇرغۇدەك ھەيۋەتلىك قەسىر، چېركاۋلارنى سالدۇرۇپتۇ. ھەرقانداق كىشى بۇ كاتتا ئىمارەتلەرنى كۆرگەندە: «ئاجايىپ قالتىس پادىشاھ ئىكەن!» دېيىشىدىكەن، ئەمما ئۇنىڭ باشقا ئەللەرگە كەلتۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايدىكەن. چۈنكى، ئۇلار كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن ھېلىقى شەھەرلەردىكى ئاھ - زارلارنى ئاڭلاپ باقمىغانىكەن.

پادىشاھ دەم ئالتۇن - كۈمۈشلىرىگە، دەم كاتتا ئىمارەتلىرىگە قاراپ، نۇرغۇن كىشىگە ئوخشاش: «نېمىدېگەن قالتىس - ھە! لېكىن، مەن تېخىمۇ جىق ئەلنى ئىشغال قىلىشىم كېرەك! ھەرقانداق كۈچنى مېنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ھېچكىم مېنى بېسىپ چۈشىمەن دەپ خام خىيال قىلمىسۇن!» دەپ ئويلايدىكەن. ئۇ بارلىق قوشنا ئەللەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ھەممىسىنى بېسىۋاپتۇ. ئۇ مەپىسى بىلەن شەھەر كوچىسىدىن ئۆتكەندە، بېسىۋېلىنغان ئەللەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى ئالتۇن زەنجىر بىلەن مەپىسگە باغلاپ قويىدىكەن. ئۇ زىياپەت ئۆتكۈزگەندە، بۇ ھۆكۈمرانلار

ئۇنىڭ ۋە ۋەزىرلىرىنىڭ ئايغى يېنىدا تىزلىنىپ تۇرۇشى، زىياپەتكە قاتناشقانلار تاشلاپ بەرگەن بولكا پارچىلىرىنى تېرىپ يېيىشى كېرەك ئىكەن.

كېيىن، پادىشاھ ھەرقايسى مەيدانلارغا، ئوردا ـ قەسىرلەرگە ئۆزىنىڭ ھەيكىلىنى تۇرغۇزۇپتۇ. ھەتتا ئۇ ھەيكىلىنى چېركاۋ مېھرابىنىڭ ئالدىغا تۇرغۇزماقچى بوپتۇ. لېكىن، پوپ:

ــ ئالىيلىرى، سىز ھەقىقەتەن بەك قالتىس، ئەمما پەرۋەردىگار تېخىمۇ ئۇلۇغ، بىز ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالمايمىز، ــ دەپتۇ.

ــ شۇنداقمۇ؟ ! ــ دەپتۇ پادىشاھ، ــ ئۇنداق بولسا، مەن پەرۋەردىگارنىمۇ بويسۇندۇرىمەن !

چەكتىن ئاشقان تەكەببۇرلۇقى ۋە نادانلىقى تۈپەيلى، پادىشاھ ئاجايىپ بىر كېمە ياساتتىپتۇ. ئۇ بۇ كېمىگە ئولتۇرۇپ ئاسمانغا چىقالايدىكەن. كېمىگە نۇرغۇن توز قۇيرۇقى ئورنىتىلغان بولۇپ، توز قۇيرۇقىدىكى تەڭگىسىمان نەقىشلەر خۇددى نەچچە مىڭلىغان كۆزگە ئوخشايدىكەن. ئەمەلىيەتتە، ھەربىر كۆز مىلتىق ئىستىۋولىنىڭ ئاغزى ئىكەن. پادىشاھ كېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىدىكەن، ئۇ توز قۇيرۇقىنى بېسىپلا قويسا، مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن ئوقلار ئېتىلىپ چىقىدىكەن، شۇنداقلا يېڭى ئوقلار شۇ ھامان ئۆزلۈكىدىن قاچىلىنىدىكەن. كېمىنىڭ ئالدى تەرىپىگە نەچچە مىڭ بۈركۈت چېتىپ قويۇلغانىكەن. پادىشاھ مۇشۇ ھالەتتە قۇياشقا قاراپ ئۇچۇپتۇ، يەر شارى تولىمۇ پەستە قاپتۇ. دەسلەپتە يەر شارىدىكى تاغ ۋە ئورمانلار ئېتىزدەكلا كۆرۈنىدىغان بوپتۇ، ئاستا ـ ئاستا زېمىن



بىر پارچە خەرىتىگىلا ئوخشاپ قاپتۇ، كېيىن تۇمان ۋە بۇلۇتلار تېگىدە قېلىپ غايىب بوپتۇ. بۇركۇتلەر بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپتۇ. پەرۋەردىگار سانسىز پەرىشتىلىرىدىن بىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. زەھەرخەندە پادىشاھ پەرىشتىگە قارىتىپ ئوق ياغدۇرۇپتۇ، لېكىن پەرىشتە چاقناپ تۇرغان قاناتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، مۆلدۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلارنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. پەقەت بىر تامچە قان پەرىشتىنىڭ ئاپئاق قانىتىدىن تامچىلاپ چۈشۈپتۇ. بۇ بىر تامچە قان پادىشاھنىڭ كېمىسىگە چۈشكەن هامان «لاپپىدە» ئوت ئېلىپتۇ. ئۇ خۇددى تۇمەن پاتمانلىق ئومۇتتەك كېمىنى پارە - پارە قىلىۋېتىپتۇ. بۈركۈتلەرنىڭ كۈچلۈك قاناتلىرى سۇنۇپتۇ، بوران پادىشاھنىڭ باش ئۈستىدە ئۇشقىرتىپتۇ. ئەتراپنى بۇلۇتلار قاپلاپتۇ، بۇ بۇلۇتلار كۆيدۈرۈۋېتىلگەن هېلىقى شەھەرلەردىن شەكىللەنگەنىكەن، ئەمدى ئۇلار خىلمۇخىل شەكىللىك نەرسىلەرگە ئايلىنىپتۇ، قىسقۇچپاقىغا ئوخشايدىغان بىرقانچىسى قورقۇنچلۇق پەنجىلىرىنى پادىشاھقا ئۇزىتىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇلار گۈلدۈرلەپ دوملاۋاتقان غايەت زور تاشلارغا، ئاغزىدىن ئوت پۈركۈۋاتقان ئەجدىھالارغا ئوخشايدىكەن. كېمىنىڭ بىر پارچىسىدە نىمجان هالەتتە ياتقان پادىشاھ ئاخىر ئورمانلىقتىكى ناهايىتى چوڭ دەرەخنىڭ شاخلىرى ئۈستىگە چۈشۈپتۇ.

— مەن پەرۋەردىگارنى يېڭىمەن! — دەپتۇ پادىشاھ، — قەسەم قىلىمەنكى، ئارزۇيۇم جەزمەن ئەمەلگە ئاشىدۇ!

ئۇ يەتتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇلگىرىدىكىدىنمۇ

پۇختا ۋە ئىلغار كېمە ياسىتىپتۇ، ئۆزىگە قارام ئەللەردىن ئەڭ سەرخىل لەشكەرلەرنى يىغىپتۇ. لەشكەرلەر كېمىگە چىقىۋاتقان، پادىشاھمۇ ئۆز ئورنىغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، پەرۋەردىگار بىر توپ پاشىلارنى ئەۋەتىپتۇ. پاشىلار پادىشاھنىڭ قۇلاق تۈۋىدە گىڭىلداپ، ئۇنىڭ يۈز ۋە قوللىرىنى چېقىشقا باشلاپتۇ. قاتتىق غەزەپلەنگەن پادىشاھ قىلىچىنى چىقىرىپ پۇلاڭلىتىپتۇ، ئەمما قىلىچى بىرەر پاشىنىمۇ چانىيالماپتۇ. ئارقىدىن، پادىشاھ ئەتىۋارلىق گىلەمنى ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ، مۇلازىملىرى ئۇنىڭ دېگىنىنى قىپتۇ. پادىشاھ پاشىلاردىن پاناھلىنىش ئۈچۈن گىلەمگە چىڭ ئورىنىپتۇ. ئەمما، بىر پاشا گىلەمنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغانىكەن، ئۇ پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ شۇنداق چېقىپتۇكى، كۆيگەندەك ئاغرىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئالدىراپ - تېنەپ ئۈستىدىكى گىلەمنى چۆرۈۋېتىپ، كىيىملىرىنىمۇ پارە - پارە قىلىپ يىرتىپ تاشلاپتۇ، ئاندىن كېيىن ئۇ قىپيالىڭاچ ھالدا لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا سەكرەپ چۈشۈپتۇ. لەشكەرلەر پەرۋەردىگارغا جەڭ ئېلان قىلغان، ئەمما بىر تال پاشىدىن يېڭىلىپ قالغان بۇ ساراڭ پادىشاھنى مەسخىرە قىلىشقا باشلاپتۇ.

# بولگا دەسسىگرن

# قىزچاق

بىر نامرات ئائىلىدە ژىننى ئىسىملىك بىر قىزچاق ئۆتكەنىكەن. ئۇ بەك ھاكاۋۇر ئىكەن، ئۆزىنى بەك قالتىس چاغلايدىكەن. تېخى كىچىك چېغىدىلا، ئۇ چىۋىننى تۇتۇۋېلىپ قاناتلىرىنى يۇلۇۋېتىدىكەن ـ دە، ئۇنى ئۆمىلىتىپ كۆڭۈل ئاچىدىكەن. ئۇ قوڭغۇز ۋە تومۇزغىلارنى تۇتۇۋېلىپ، بەدىنىدىن يىڭنە ئۆتكۈزىدىكەن ۋە ئۇلارنى يوپۇرماق ياكى قەغەزگە قويۇپ قويىدىكەن. بۇ بىچارىلەر يوپۇرماق ياكى قەغەزنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، يىڭنىدىن قۇتۇلۇش كويىدا ھەدەپ ئۇيان ئۆرۈلىدىكەن، بۇيان ئۆرۈلىدىكەن.

«قوڭغۇز كىتاب ئوقۇشنى ئۆگەندى ! — دەيدىكەن ژىننى، — قاراڭلار، ئۇنىڭ قەغەزنى ۋاراقلىشىغا !»

ئاستا ـ ئاستا چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ژىننى

تېخىمۇ ئەسكىرەپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئۇ بەك چىرايلىق ئىكەن، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ بەختسىزلىكى بولۇپ قاپتۇ، چۈنكى ئۇ بۇنداق چىرايلىق بولمىغان بولسا، ھازىرقىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتىكەن.

— سېنىڭ كالالاڭنى شاكىرابقا ئۇزاقراق چىلاپ باقساق بولغۇدەك! — دەپتۇ ئاپىسى ئۇنىڭغا، — بوۋاق چېغىڭدىلا كۆڭلىكىمنى دەسسىۋالاتتىڭ، ئەمدى چوڭ بولغاندا يۈرىكىمنى دەسسەمدىكىن دەپ ئەنسىرەيدىغان بولدۇم !

ژىننى راستتىنلا شۇنداق قىپتۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ سەھرادىكى بىر پۇلدار ئائىلىنىڭكىگە بېرىپ ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىپتۇ. بۇ ئائىلىدىكىلەر ئۇنىڭغا ئۆز بالىسىدەك مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى چىرايلىق كىيىندۈرۈپ قويىدىغان بوپتۇ. ئۇ بەك چىرايلىق بولغاچقا، ئۆزىنى بارغانسېرى تېخىمۇ قالتىس چاغلايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

ئۇ بەزىدە ئۆيىگە قايتىدىكەن، لېكىن ئۆيىدىكىلەرگە، قولۇم - قوشنىلىرىغا ئۆزىنىڭ چىرايلىق كىيىم - كېچەكلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈنلا قايتىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ سەھرادىن شەھەرگە يېتىپ كېلەي دېگەندە، بىر توپ قىز - يىگىتلەرنىڭ كوچا دوقمۇشىدىكى كۆلچەك يېنىدا پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىنى، ئاپىسىنىڭ بولسا بىر تاشتا ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىۋاتقانلىقىنى، يېنىدا ئورمانلىقتىن تېرىپ كەلگەن بىر باغلام ئوتۇن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ شۇ ھامان بۇرۇلۇپلا ئارقىغا يېنىپ كېتىپتۇ، «مېنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىم شۇنچە چىرايلىق تۇرسا،

قانداقلارچه بۇنداق ۋەيرانه چىراي ئاپام بولۇپ قالغان بولغىيدى؟ بۇ مەن ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ؟ !» دەپ ئويلاپتۇ، ئارقىغا قايرىلىپ قاراپ باققۇسىمۇ كەلمەپتۇ.

ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئايال خوجايىن ژىننىغا:

— سەن چوقۇم ۋاقىت چىقىرىپ ئاتا - ئاناڭنى كۆرۈپ كەلگىن. مانا بۇ چوڭ بولكىنى ئۇلارغا ئالغاچ بارساڭ بولىدۇ، بۇنى كۆرسە ئۇلار چوقۇم خۇش بولىدۇ! — دەپتۇ.

ژىننى ئەڭ چىرايلىق كىيىمىنى، ئەڭ يېڭى ئايىغىنى كىيىپتۇ. ئۇ يول يۈرگەندە كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئېھتىيات بىلەن مېڭىپتۇ. لېكىن، ئۇ پاتقاققا دۇچ كېلىپ قاپتۇ، يولدا سۇمۇ، لايمۇ بار ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايىغىنى مەينەت قىلماسلىق ئۈچۈن، بولكىنى پاتقاققا تاشلاپ، ئۇنى دەسسەپ ئۆتمەكچى بوپتۇ. لېكىن، ئۇ بىر پۇتى بىلەن بولكىنى دەسسەپ، يەنە بىر پۇتىنى كۆتۈرۈشكە، بولكا بىلەن تەڭلا پاتقاققا پېتىپ كېتىپتۇ. ئۇ قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانسىرى، پاتقاققا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ، ئاخىر پۈتۈنلەي چۆكۈپ كېتىپتۇ.

ژىننى ئەمدى نەگە بارغاندۇ؟ ئۇ شۇ چۆككىنىچە سازلىقتىكى هاراق ئېچىتىدىغان ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ قاپتۇ. بۇ ئايال سازلىق خانىم دەپ ئاتىلىدىكەن، ئۇ ئالۋاستىنىڭ ھامىمىسى ئىكەن. بۇ يەردىكى ئالۋاستىلار بەك داڭلىق ئىكەن، ئۇلار توغرۇلۇق نۇرغۇن ناخشىلار بار ئىكەن، يەنە تېخى ئۇلار سىزىلغان رەسىملەرمۇ خېلى كۆپ ئىكەن. لېكىن، كىشىلەرنىڭ سازلىق خانىم



توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرى ئازراق ئىكەن. ياز كۈنلىرى ئوتلاقتا ھور كۆتۈرۈلگەن ۋاقىت سازلىق خانىمنىڭ ھاراق ئىشلەۋاتقان ۋاقتى ئىكەن. ژىننى دەل ئۇنىڭ ھاراق ئېچىتىدىغان ئۆيىگە چۆكۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردە ئۇزاق تۇرغىلى بولمايدىكەن، سازلىقتىكى ئايالنىڭ ھاراق ئېچىتىدىغان ئۆيى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پاتقاق ئازگىلى تېخى ئالىي دەرىجىلىك جاي ھېسابلىنىدىكەن! بارلىق ھاراق تۇڭلىرى ئادەمنىڭ بېشىنى قايدۇرىدىغان بىر پۇراقنى تارقىتىپ تۇرىدىكەن. ھاراق تۇڭلىرى بىر - بىرىگە ياندىشتۇرۇپ قويۇلغان، ئارىسىدا شىلىمشىق چار پاقا ۋە سېمىز سۇ يىلانلىرى ئويناپ يۈرىدىكەن. ژىننى دەل شۇ يەرگە چۈشكەنىكەن. بۇ يەردىكى كۆڭۈلنى ئىلەشتۈرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇزدەك سوغۇق بولغاچقا، ژىننىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ كېتىپتۇ، يەنە كېلىپ، بارا - بارا قېتىشقا باشلاپتۇ. ئۇ بولكىغا چىڭ دەسسەكلىك ئىكەن.

شۇ چاغدا سازلىق خانىم ئۆيدە بولۇپ، ئالۋاستى ۋە ئالۋاستىنىڭ مومىسى ھاراق ئېچىتىدىغان ئۆيگە كەلگەنىكەن. ئالۋاستىنىڭ مومىسى تازا زەھەرخەندە موماي ئىكەن، بىردەممۇ بىكار تۇرمايدىكەن، قول ئىشىنى ئېلىۋالمىغۇچە ھەرگىز ئۆيدىن چىقمايدىكەن. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئايىغىغا «توختىماي ماڭدۇرىدىغان» نەرسىلەرنى تىكىپ قويىدىكەن. بۇنداق ئاياغنى كىيگەنلەر مەڭگۈ ئارام تاپالمايدىكەن. ئۇ يەنە يالغان - ياۋىداق سۆزلەردىن كەشتە توقۇشنى بىلىدىكەن، يەرگە چۈشۈپ قالغان بارلىق قالايمىقان بىلجىرلاشلارنى بىر قىلىپ توقۇپ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدىكەن.

ئۇ ژىنىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئارقىدىن كۆزەينىكىنى تاقىۋېلىپ يەنە زەن سېلىپ قاراپتۇ.

— بۇ خېلى چېچەن قىزدەك تۇرىدۇ، — دەپتۇ ئۇ، — ئۇنى ماڭا بەرگىن، بۇ قېتىم ئۆيۈڭگە كەلگىنىمنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن. ئۇ مېنىڭ ئامراق نەۋرەمنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئورنىتىلىدىغان ھەيكەل بولۇشقا لايىق ئىكەن!

شۇنداق قىلىپ، ژىنىنى دوزاخقا كىرىپ قاپتۇ. ئۇ يەر چېكىگە كۆز يەتمەيدىغان بوشلۇق ئىكەن. ئالدىڭىزغا قارىسىڭىز بېشىڭىز قېيىپ كۆزلىرىڭىز خىرەلىشىپ كېتىدىكەن، ئارقىڭىزغا قارىسىڭىزمۇ ئوخشاشلا بېشىڭىز قېيىپ كۆزلىرىڭىز خىرەلىشىپ كېتىدىكەن. بۇ يەردە بىر توپ ئۆلۈكلەر شەپقەت دەرۋازىسىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۇزاقتىن - ئۇزاق كۈتۈشكە توغرا كېلىدىكەن! سېمىز ھەم چوڭ ئۆمۈچۈك ئۇلارنىڭ پۇتلىرىغا تور تاتىدىكەن. بۇ ئۆمۈچۈك تورلىرى ئۇلارنى خۇددى كىشەندەك بەند قىلىۋېتىدىكەن. شۇ تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ روھى مەڭگۇ ئارام تاپالمايدىكەن. ئۇلارنىڭ تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىشقا توغرا كەلسە، ناھايىتى جىق ۋاقىت كېتىدىكەن. ئاشۇ يەردە ھەيكەل بولۇپ تۇرغان ژىنىنى بۇنداق ئازابنى بېشىدىن كەچۈرۈپ باققانىكەن. شۇ كۈنلەردىمۇ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى ھېلىقى بولكىغا پېتىپ تۇرۇپتۇ.

«سەن پۇتۇڭنى مەينەت قىلمايمەن دەپ مۇشۇ ئاقىۋەتكە قالدىڭ! — دەپتۇ ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — قارا، ئۇلار ساڭا تىكىلىپ تۇرىدۇ!»

دەرۋەقە، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغۇدەك، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن زەھەرخەندىلىك چىقىپ تۇرغۇدەك، ئۇلار سۆزلەۋاتقۇدەك، ئەمما ئاۋازى چىقمىغۇدەك. بۇ كىشىلەرنىڭ كۆرۈنۈشى بەكلا قورقۇنچلۇق ئىكەن.

«مېنى كۆرگەنلىكىدىن بەك خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىدىغۇ دەيمەن، — دەپ ئويلاپتۇ ژىننى، — مېنىڭ چىرايىممۇ چىرايلىق، كىيىم - كېچەكىممۇ بەك چىرايلىق!» ئاندىن كېيىن، ئۇ قايرىلىپ قارىماقچى بوپتۇيۇ، قارىيالماپتۇ، چۈنكى بويىنى قېتىپ مىدىرلىماس بولۇپ قاپتۇ. ماۋۇ چاتاقنى كۆرۈڭ، سازلىق خانىمىنىڭ ھاراق ئېچىتىش ئۆيى ئۇنى بەك مەينەت قىلىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ! ئۇ بۇنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىكەن. ئۇنىڭ كىيىمى شىلىمشىق سۈيۈقلۇق بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەنىكەن، چېچىدا بىر يىلان ئۆمىلەپ يۈرگۈدەك. يىلان ئۇنىڭ بويىنىغا چۈشۈپتۇدەك، كۆڭلىكىنىڭ ھەربىر پۈرمىسىنىڭ ئارىلىقىدىن بىردىن چار پاقا بېشىنى چىقىرىپ ئۇياق - بۇياققا قاراپ تۇرغۇدەك، يەنە تېخى دەممۇدەم كۇرۇلداپ قويغۇدەك. «بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى! — دەپتۇ ژىننى ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، — بۇ يەردىكى ئادەملەرمۇ ئوخشاشلا قورقۇنچلۇق ئىكەنغۇ!»

ئەڭ چاتاق بولغىنى شۇ بوپتۇكى، ئۇ قورسىقىنىڭ بەك ئېچىپ كەتكەنلىكىنى تۇيۇپتۇ، ئېگىلسە پۇتى بىلەن دەسسەپ تۇرغان بولكىدىن بىر پارچىنى سۇندۇرۇپ ئالغىلى بولارمۇ؟ بولمايدىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكىمۇ، بىلەك ۋە بارماقلىرىمۇ قېتىپ قالغان بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى تاش ھەيكەلگىلا ئوخشاپ

قالغانىكەن، ئۇ پەقەت كۆزلىرىنىلا چۆرگىلىتەلەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، كۆزلىرىنى يانغا قارىتىپتۇ، ئەمما بۇ يەردىكى مەنزىرىمۇ بەك قورقۇنچلۇق ئىكەن. ئارقىدىن، بىرمۇنچە چىۋىنلەر ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ كۆزىگە قونۇپتۇ ۋە ئۈمىلەشكە باشلاپتۇ. ژىننى كۆزىنى چىمچىقلىتىپتۇ، ئەمما چىۋىنلەر ئۇچۇپ كەتمەپتۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قاناتلىرى يۇلۇۋېتىلگەنىكەن. شۇنداق قىلىپ، ژىننىنى چىۋىنلەرمۇ قىيناپتۇ، ئاچلىقمۇ قىيناپتۇ، ئاخىر بېرىپ ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇچەي - باغرىنى يەۋەتكۇدەك بولۇپ كېتىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىچى ئادەم قورققۇدەك دەرىجىدە قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغانىكەن.

«مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، مەن ھېچنېمىنى يېيەلمىگۈدەكمەن!» دەپتۇ ئۇ، نېمىلا دېگىنى بىلەن، چىدىماي ئىلاجى يوق ئىكەن. بۇ ھال ئۇزۇلمەي داۋاملىشىۋېرىپتۇ.

بۇ چاغدا، بىر تامچە ئىسسىق ياش ئۇنىڭ بېشىغا چۈشۈپ، يۈزى ۋە كۆكرىكىدىن دومىلاپ ئۆتۈپ ھېلىقى بولكىنىڭ ئۇستىگە چۈشۈپتۇ، ئارقىدىن يەنە بىر تامچە ياش، يەنە بىر تامچە ياش... شۇ تەرىقىدە نۇرغۇن تامچە ياش چۈشۈپتۇ. ژىننى ئۇچۇن كىم ياش تۆكۈۋاتقاندۇ؟ يەر يۈزىدە ئۇنىڭ ئاپىسى بار ئەمەسمۇ؟ بىر ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتى ئۇچۇن تۆككەن ياشلىرى ھامان پەرزەنتىنىڭ ئۇستىگە چۈشىدۇ، لېكىن بۇ ياشلار ئازابنى ھەرگىز يەڭگىللىتەلمەيدۇ، بەلكى ئوتتەك كۆيدۈرۈپ ئازابنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. يەنە كېلىپ، ئۆزى دەسسەپ تۇرغان بولكىدىن بىر بۇردىنىمۇ سۇندۇرۇپ يېيەلمەسلىك ژىننىنى تېخىمۇ ئازابلاپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭدا

ئۆزىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى تامامەن يەۋەتكەندەك، ئىچى قۇپقۇرۇق تۇرۇبىغا ئايلىنىپ قالغاندەك، بۇ تۇرۇبا ھەممە ئاۋازلارنى سۈمۈرۈۋالىدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق قىلىشىۋاتقان پاراڭلىرىنى ئېنىق ئاڭلاپتۇ، بۇ سۆزلەر پۈتۈنلەي ئۇنى قاتتىق ئەيىبلەيدىغان سۆزلەر ئىكەن. ئاپىسى راستتىنلا قايغۇرغىنىدىن قاتتىق يىغلاۋاتقۇدەك ھەمدە: «تەكەببۇرلۇق سېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى، ژىننى، بۇ سېنىڭ تارتقۇلۇقۇڭ! سەن ئاپاڭنى قاتتىق قايغۇ - ھەسرەتتە قويدۇڭ !» دەۋاتقۇدەك.

ژىننىنىڭ ئاپىسى ۋە يەر يۈزىدىكى ھەممە كىشىلەر ئۇنىڭ گۇناھىنى، يەنى بولكىنى دەسسەپ ماڭغانلىقىنى، شۇ تۈپەيلى سازلىققا چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولغانىكەن، بۇنى ئۇلارغا بىر پادىچى ئېيتىپ بەرگەن، ئۇ بۇ ۋەقەنى تاغ قاپتىلىدا تۇرۇپ كۆرگەنىكەن.

— سەن مېنى قاتتىق ئازابتا قويدۇڭ، ژىننى! — دەپتۇ ئاپىسى، — توغرا، بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى مەن بۇرۇنلا قىياس قىلغان !

«مەن تۇغۇلمىغانلا بولسام بوپتىكەن، — دەپ ئويلاپتۇ ژىننى ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، — ئەمدى ئاپامنىڭ يىغلىغىنىنىڭ نېمە پايدىسى؟» ئۇ ئۆزىگە ئاتا - ئانىسىدەك كۆيۈنگەن ئەر - خوتۇن خوجايىنىنىڭ قىلىشقان پارىڭىنى ئاڭلاپتۇ.

— ئۇ گۇناھى ئېغىر بالا ! — دەپتۇ ئۇلار، — پەرۋەردىگار بەرگەن سوۋغىنى ئەتىۋارلىماي، ئۇنى دەسسەپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشمۇ قىيىنغا

چۈشىدۇ!

«ئۇلار مېنى بالدۇرراق قاتتىق باشقۇرسا بوپتىكەن» دەپ ئويلاپتۇ ژىننى.

ئۇ يەنە بىركىم ئىجاد قىلغان ناخشىنىمۇ ئاڭلاپتۇ، ئۇنىڭدا: «تەكەببۇر قىزچاق، دەسسەپتۇ بولكىنى، مەينەتتىن قورقۇپ...» دېگەن مىسرالار بار ئىكەن. بۇ ناخشا مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئېيتىلىدىغان بوپتۇ.

«بۇ ئىش ئۈچۈن يەنە قانچىلىك ئەيىبلىنەرمەن، يەنە قانچىلىك دەرد تارتارمەن؟ — دەپ ئويلاپتۇ ژىننى، — باشقا كىشىلەرمۇ ئۆزىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن جازالىنىشى كېرەككۇ! توغرا، جازالىنىشقا تېگىشلىك كىشىلەر ئاز ئەمەستۇ! بىراق، ئازابنى مەنلا تارتىۋاتىمەن.»

شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قەلبى تېنىدىنمۇ بەكرەك قېتىپ كېتىپتۇ.

«بۇ يەردە بۇ كىشىلەر بىللە بىللە تۇرسام، ياخشىلىق تەرەپكە ئۆزگىرەلمىگۈدەكمەن. ئۆزۈمنىڭمۇ ياخشى بولغۇم يوق ! قارىغىنا، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىغا !»

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، ھەممە كىشىگە يامان نىيەت بىلەن قارايدىغان بوپتۇ.

«مانا ئەمدى يەر يۈزىدىكىلەر سۆزلىگۈدەك ئىش چىقىدىغان بولدى. ھەي، شۇ تاپتا مەن نەقەدەر ئازابلىنىۋاتىمەن ـ ھە !»

ئۇ يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ بالىلىرىغا ئۆزىنىڭ ئىشىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ.

— ئۇ ھەقىقەتەن ئادەمنى نەپرەتلەندۈرىدىكەن، — دېيىشىپتۇ بالىلار، — ھەقىقەتەن ئەسكىكەن، جازاسىنى

تارتىۋاتقان بولسا خوپ بوپتۇ!

لېكىن، بىر كۈنى ئازاب ۋە ئاچلىق ژىننىڭ ئىچى كاۋاك بەدىنىنى قىيناۋاتقاندا، ئۇ بىر كىمنىڭ بىر سەبىي قىزچاققا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ گېپىنى قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. قىزچاق تەكەببۇر ۋە شۆھرەتپەرەس ژىننىڭ ئىشىنى ئاڭلاپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇدەك.

— لېكىن، ئۇ يەر يۈزىگە قايتىپ كەپتۇمۇ، يوق؟ — دەپ سوراپتۇ قىزچاق. ئۇنىڭغا «ئۇ قايتىپ كېلەلمەپتۇ!» دېگەن جاۋاب بېرىلىپتۇ.

— ئەگەر ئۇ كەچۈرلىك قىلىشنى ئۆتۈنۈپ، كېيىن ئۇنداق ئىشنى قىلمايدىغان بولسىچۇ؟

— لېكىن، ئۇ كەچۈرلىك قىلىشنى ئۆتۈنمەيدىكەن!

— مەن ئۇنى كەچۈرلىك قىلىشنى ئۆتۈنسىكەن دەيمەن! — دەپتۇ قىزچاق قاتتىق قايغۇرغان ھالدا، — ئۇ بۇ يەرگە قايتىپ كېلىدىغانلا بولسا، مەن بارلىق قونچاقلىرىمنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىشنى خالايمەن! ئۇنى شۇ پېتى تاشلاپ قويۇش بەك رەھىمسىزلىك!

بۇ گەپلەر ژىننىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈپتۇ. بەزىلەر: «بىچارە ژىننى!» دەپتۇ. بۇ تۈنجى قېتىملىق ئىش ئىكەن، يەنە كېلىپ، بۇ گەپلەر بولۇنغاندا، ئۇنىڭ سەۋەنلىكى زادىلا تىلغا ئېلىنماپتۇ، يەنە تېخى بىر سەبىي قىزچاق ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ژىنىندا بىر خىل ئۆزگىچە ھېسسىيات پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭمۇ تازا يىغلىغۇسى كەپتۇ، ئەمما ئۇ يىغلىيالمايدىكەن، بۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل ئازاب ئىكەن.

يەر يۈزىدە ئاي ـ يىللار ئۆتۈۋېرىپتۇ، ئەمما يەر تېگىدە ئازراقمۇ ئۆزگىرىش بولماپتۇ، ژىننىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئاۋازلارنى ئاڭلىشى بارغانسېرى قىيىنلىشىپتۇ، ئۇنىڭ توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەرمۇ بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بىركىمنىڭ ئاھ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى تۇيۇقسىز ئاڭلاپ قاپتۇ:

— ژىننى! ژىننى! سەن مېنى بەك ئازابتا قويدۇڭ! مەن ساڭا بۇرۇنلا ئېيتقانغۇ!

بۇ ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ ئىبادەت قىلغان چاغدىكى ئاھ ئۇرۇشى ئىكەن.

ئۇ يەنە خوجايىنلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئېغىزغا ئالغانلىقىنى، تەلەپپۇزىدىن مېھىر ـ مۇھەببەت ئىللىقلىقى چىقىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

— مەن سېنى يەنە كۆرەلەيدىغان ـ كۆرەلەيمەيدىغانلىقىمنى زادىلا بىلەلمىدىم، ژىننى! — دەپتۇ ئايال خوجايىن، — سېنى كۆرۈش ئۈچۈن نەگە بارسام بولار؟

لېكىن، ژىننى مېھرىبان ئايال خوجايىنىنىڭ ھەرگىز بۇ يەرگە كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىكەن.

ئۇ شۇ تەرىقىدە يەنە ئازابلىق بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

ژىننى تۇيۇقسىز بىركىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ، قارىسا، ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بىر جۈپ يورۇق يۇلتۇز چاقناۋاتقۇدەك، بۇ بىر جۈپ مۇلايىم كۆز ئىكەن. ھېلىقى قىزچاق «بىچارە ژىننى» ئۈچۈن ياش تۆككەندىن بۇيان كۆپ يىل ئۆتۈپ، قىزچاق بىر مومايغا ئايلىنىپ بولغان، ئەمدىلىكتە ئۇنى

ئەزرائىل چاقىرغىلى كەلگەنىكەن. دەل شۇ پەيتتە، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلار كالللىسىدا ئايان بوپتۇ. كىچىك چېغىدا ژىننى ئۇچۇن قانداق يىغلىغانلىقى ئۇنىڭ ئېنىق ئېسىدە ئىكەن. ئۇ جان ئۈزىدىغان چاغدا، ئاشۇ كۆرۈنۈشلەر كالللىسىدا شۇنچە روشەن زاھىر بولغانلىقتىن، ئۇ ئىختىيارسىز تولۇلۇۋېتىپتۇ:

— تەڭرىم، پەرۋەردىگارىم، سەن بەرگەن سوۋغاتلارنى مېنىڭمۇ بىلىپ - بىلمەي ژىننىغا ئوخشاش دەسسەپ سالغان چاغلىرىم، ژىننىغا ئوخشاش ھاكاۋۇرلۇق قىلغان چاغلىرىم بولغان بولغىيدى. لېكىن، سەن ھەر ۋاقىت شاپائەت كۆرسىتىپ مېنى غەرق قىلىۋەتمىدىڭ، بەلكى بۇ دۇنيادا ياشىشىمغا ئىجازەت بەردىڭ! ئاخىرقى مىنۇتلىرىمدىمۇ مېنىڭ قولۇمنى قويۇۋەتمىگەيسەن !

مومايىنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپتۇ، ئەمما قەلب كۆزلىرى بەزى يوشۇرۇن نەرسىلەرگە ئېچىلىپتۇ، چۈنكى ژىننى ئۇنىڭ ئېسىدە تىرىك پېتى ساقلىنىپ كەلگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ژىننىنى، ئۇنىڭ ئازاب دېڭىزىغا قانچە چوڭقۇر پېتىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. تەقۋادار موماي بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ يىغلاپ كېتىپتۇ، ئۇ جەننەتتە تۇرۇپ بىچارە ژىننى ئۈچۈن خۇددى كىچىك بالىدەك يىغلاپتۇ. ئۇنىڭ يىغا ئاۋازى ۋە دۇئالىرى ژىننىنىڭ ئىچى قۇرۇق تېنىدە ئەكس سادا پەيدا قىپتۇ. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن بىر پەرىشتە ژىننى ئۈچۈن ياش تۆكۈپتۇ. ژىننىمۇ پانىي دۇنيادا قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئەسلەشكە باشلاپتۇ ۋە لەرزىگە كېلىپ يىغلاپتۇ. ژىننى ئىلگىرى بۇنداق يىغلاپ باقماپتىكەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى

ئۆزىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىگە بولغان پۇشايمان بىلەن تولۇپتۇ. ژىنىنىغا شاپائەت دەرۋازىسى ئۆزى ئۇچۇن زادىلا ئېچىلمايدىغاندەك بىلىنىپتۇ. ئۇ ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى ئۇچۇن پۇشايمان قىلىۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت بىر يورۇقلۇق پەيدا بوپتۇ، بۇ يورۇقلۇق كىچىك باللار هويلىغا ياسىغان قار ئادەمنى ئېرىتىۋېتىدىغان قۇياش نۇرىدىنمۇ كۈچلۈك ئىكەن. ئارقىدىن، ژىنىنىنىڭ قېتىپ قالغان تېنى قار ئۇچقۇنلىرى باللارنىڭ ئاغزىغا چۈشكەن هامان سۇ تامچىلىرىغا ئايلانغاندىنمۇ تېز ئېرىپ تۇمانغا ئايلىنىپتۇ - دە، بىر كىچىك قۇش چاقماق تېزلىكىدە ئىنسانلار دۇنياسىغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەتراپىدىكى هەممە نەرسىدىن قورقۇپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىدىن بەك خىجىل بولغانىكەن. ئۇ ئاۋازىنى بارلىق جانلىقلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىنمۇ قورقىدىكەن. شۇڭا، ئۇ بىر ئەسكى تامدىكى كامارغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئۇ كاماردا تۈگۈلگىنىچە غال - غال تىترەپتۇ، ئاۋاز چىقىرىشقىمۇ پېتىنالماپتۇ. ئۇ كاماردا ناهايىتى ئۇزاق ياتقاندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا تىنچلىنىپ ئەتراپىغا قاراپ بېقىپتۇ ۋە بۇ يەرنىڭ تولىمۇ راهەت ئىكەنلىكىنى هېس قىپتۇ. توغرا، بۇ يەر بەك راهەت ئىكەن، هاۋامۇ ساپ، ئىللىق ئىكەن، ئاي سۈتتەك ئاق نۇرىنى چېچىپ تۇرىدىكەن، ئورمانلىق، چاتقاللىقلاردىن خۇش پۇراقلار تارقىلىپ تۇرىدىكەن. قۇش ئۆزىنىڭ ئۇستىۋېشىغا زەن سېلىپتۇ، ئۇنىڭ قانات - پەيلىرىمۇ شۇنچە چىرايلىق ئىكەن. ئۇنىڭ بەك سايرىغۇسى، خۇددى كاككۇك ۋە بۇلبۇلدەك سايرىغۇسى،

يەنە قانداقتۇر ياخشى ئىشلارنى قىلغۇسى كەپتۇ.

مىلاد بايرىمى يېتىپ كەپتۇ. دېھقانلار تامنىڭ يېنىغا بىر تاياقنى تىكىپ، ئۇنىڭغا بىر باغلام سوقۇلمىغان سۇلۇنى باغلاپ قويۇپتۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاسماندىكى قۇشلارمۇ كۆڭۈللۈك مىلاد بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشى، بايرام خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك ئىكەن.

مىلاد بايرىمى ئەتىگەندە قۇياش كۆتۈرۈلۈپ سۇلۇنى يورۇتۇپتۇ، ۋىچىرلاشقان قۇشلار سۇلۇ باغلانغان تاياقنى ئايلىنىپ ئۇچۇپتۇ، بۇ چاغدا تامنىڭ ھېلىقى كامىرىدىن ۋىچىرلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. قۇش مۆكۈۋالغان كامىرىدىن ئۇچۇپ چىقىپتۇ.

زىمىستان قىش كۈنلىرى يېقىنلىشىپتۇ، دەريا ـ ئۆستەڭلەرنى قېلىن مۇز قاپلاپتۇ، قۇشلار ۋە ئورمانلىقتىكى ھايۋانلارنىڭ ئوزۇق تېپىشى قىيىنلىشىپتۇ. ھېلىقى قۇش ئېتىزلىق بىلەن مەھەللە ئارىلىقىدىكى يولنى بويلاپ ئۇچۇپ، چاڭغا ئىزىدىن بەزىدە بىر ـ ئىككى تال بۇغداينى تېپىۋالىدىكەن، يەنە يول بويىدا ئارام ئالغان كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئىزى چۈشكەن يەرلەردىن بىر ـ ئىككى تال بولكا ئۇۋۇقىنى تېپىۋالىدىكەن. ئۇ تېپىۋالغانلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى يەيدىكەن ۋە ئاچ قالغان قۇشقاچلارنى بۇ يەرگە چاقىرىپ كېلىدىكەن. ئۇ شەھەرگىمۇ ئۇچۇپ كىرىدىكەن، بەزىدە بىرەر مېھرىبان كىشى قۇشلار يېسۇن دەپ بىرەر پارچە بولكىنى دېرىزە سىرتىغا قويۇپ قويىدىكەن، ھېلىقى قۇش بولكىدىن ئازراق يەپلا، قالغىنىنى باشقا قۇشلارغا بېرىدىكەن.

قۇشنىڭ بىر قىشتا قۇشلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن بولكا ئۇۋاقلىرىنى يىغقاندا، ژىننى ئۆز ۋاقتىدا ئايىغىنى مەينەت قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن دەسسىگەن بولكىدەك چوڭلۇقتا بولىدىكەن. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بولكا پارچىسىنى تېپىپ، قۇشلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەندە، ئۇنىڭ قاناتلىرى ئاققا ئۆزگىرىپتۇ ۋە كەڭ سوزۇلۇپتۇ.

— بىر بورانقۇش دېڭىز بوغۇزىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى! — ئاق رەڭلىك بۇ قۇشنى كۆرگەن بالىلار شۇنداق دېيىشىپتۇ. هازىر بۇ قۇش بەزىدە دېڭىز يۈزىگە ئېتىلسا، بەزىدە كۆزنى چاقنىتىدىغان قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ كۆك قەرىدە ئۇچىدىكەن. ئۇنىڭ نەگە ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن، كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ قۇياشقا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانمىش.



# بالىلارچە پاراڭ

توپ سېتىش سودىگىرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر باللار ئۇچۇن يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ، يىغىلىشقا قاتناشقانلار نىڭ ھەممىسى پۇلدار ئائىلىلەرنىڭ، يۇز ـ ئابرۇيلۇق ئائىلىلەرنىڭ باللىرى ئىكەن. توپ سېتىش سودىگىرىنىڭ تىجارىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، يەنە كېلىپ ئۇ بىلىملىك ئادەم ئىكەن. ئاق كۆڭۈل دادىسى ئوقۇتۇشتا چىڭ تۇرغانلىقى ئۇچۇن، ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپ شاھادەتنامىسىگە ئېرىشكەنىكەن. دادىسى دەسلەپتە كالا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆپ پۇل تاپقانىكەن، توپ سېتىش سودىگىرى ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ تىجارەت قىلىپ داۋاملىق پۇل تېپىپتۇ. ئۇ بەك ئەقىللىق ۋە ساخاۋەتچى ئىكەن. لېكىن، كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ تەرەپلىرىنى ئېغىزغا ئاز ئېلىپ، پۇلىنىڭ كېپىنى

كۆپرەك قىلىدىكەن.

ئۇنىڭكىگە كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى يۈز - ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جەمەت جەھەتتىن، بەزىلىرى مەنىۋى جەھەتتىن ئابرۇيلۇق ئىكەن. بۈگۈنكى بالىلار يىغىلىشىدا پۈتۈنلەي بالىلارچە پاراڭ بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر چىرايلىق قىزچاق بەك ھاكاۋۇر ئىكەن. ئۇنىڭ دادىسى ئوردىدا مۇلازىملار باشلىقى ئىكەن، قىزچاق بۇ ئەمەلنىڭ بەك قالتىسلىقىنى بىلىدىكەن.

— مەن ئوردىدىكى بالا! — دەپتۇ ئۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئوردىدىكى يەر ئاستى ئۆيىدە تۇرىدىغان بالا بولۇشى مۇمكىن ئىكەن، لېكىن شۇ تاپتا ئۇ نىمە دەۋالسا بولىۋېرىدىكەن. شۇڭا، ئۇ بالىلارغا:

— مەن تۇغۇلۇشۇمدىنلا ئامەتلىك. چۈنكى، مەن ھېلىقى «سېن①» فامىلىلىكلەردىن ئەمەس، ئۇلار ھەرقانچە كۈچىسىمۇ چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەلمەيدۇ. ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا ئامەتلىك بولمىسا، بولىمەن دەپمۇ بولۇۋالغىلى بولمايدۇ، ھەرقانچە تىرىشىپ ئوقۇغان بىلەنمۇ شۇنداق بولغىلى بولمايدۇ! ئەڭ ياخشىسى، ئىككى قولنى بەلگە تىرەپ، «سېن» فامىلىلىكلەردىن يىراق تۇرۇش كېرەك! — دەپتۇ ۋە ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ، ئۇياق - بۇياققا مېڭىپتۇ.

لېكىن، توپ سېتىش سودىگىرىنىڭ قىزىنىڭ

---

① دانىيىلىكلەردە فامىلە شەكىللىنىش جەريانىدا، «پالانچىنىڭ ئوغلى» دېگەن سۆزنى فامىلە قىلىش ئۇسۇلى تەدرىجىي پەيدا بولغان. «ئوغلى» دېگەن سۆز دانىيە تىلىدا «سون» بولۇپ، «پالانچىنىڭ ئوغلى» دەپ ئېيتىلغاندا «سېن»غا ئۆزگىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، دانىيىدە كەينىگە «سېن» ئۇلىنىدىغان نۇرغۇن فامىلىلەر بارلىققا كەلگەن.



زەردىسى قايناپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ماسسېن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تەكەببۇرانە تەلەپپۇزدا:

— لېكىن، مېنىڭ دادام يۈز تەڭگىگە كەمپۈت ئېلىپ، كۆپچىلىكنى تالاشقا سالالايدۇ! سېنىڭ داداڭ شۇنداق قىلالامدۇ؟ — دەپتۇ.

— مېنىڭ دادام ئۇنداق قىلالمايدۇ، — دەپتۇ بىر يازغۇچىنىڭ قىزى، — لېكىن، سېنىڭ داداڭنى، يەنە سېنىڭ داداڭنى، بارلىق دادىلارنى گېزىتكە باسالايدۇ! ھەممە كىشى ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاپام

ماڭا دەپ بەردى، ئۇنىڭ دېيىشىچە، دادام گېزىتنى باشقۇرىدىكەن.

قىزچاق بەدىنىنى رۇسلاپ، بېشىنى تىك قىلغانىكەن، خۇددى ھەقىقىي مەلىكىگىلا ئوخشاپ قاپتۇ.

قىيا ئېچىقلىق ئىشىكنىڭ سىرتىدا بىر ئوغۇل بالا ئىشىك يوچۇقىدىن قاراپ تۇرغانىكەن. بۇ بالا نامرات بولغاچقا، ئۆيگە كىرەلمىگەنىكەن. باياتىن ئۇ ئاشخانىدا ئايال خىزمەتكارنىڭ كاۋاپ پىشۇرۇشىغا قارىشىپ بېرىپتۇ. كېيىن، ئايال خىزمەتكار ئۇنىڭ ئىشىك سىرتىدا تۇرۇپ ئۆيدىكى بالىلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈشىگە رۇخسەت قىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ھەقىقەتەن قالتىس ئىش ئىكەن.

«ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان بولسام، قانداق قىلسام بولاتتى؟» دەپ ئويلاپتۇ نامرات بالا. ئۇ بالىلارنىڭ دېيىشكەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ بەك مەيۈسلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيدە تىيىنىنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق بولۇپ، گېزىتكە بىرنەرسە يېزىش ئۇياقتا تۇرسۇن، گېزىت سېتىۋالغۇدەكمۇ ئىمكانىيىتى يوق ئىكەن. ئۇنىمۇ مەيلى دەپ تۇرايلى، ھەممىدىن يامىنى دادىسىنىڭ فامىلىسىنىڭ ئاخىرىدا «سېن» بار ئىكەن. ھېلىقى بالىلارنىڭ دېگىنىچە بولغاندا، ئۇنىڭ ھەرگىز ئىستىقبالى بولمايدىكەن، بۇ بەك ئېچىنىشلىق ئىش - دە! تۇيۇقسىز ئۇ مۇنداق ئويلاپ قاپتۇ: «نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن؟ دۇنيادا تىرىشسىلا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق!»

ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتۈپتۇ، بالىلارنىڭ ھەممىسى چوڭ بوپتۇ.

شەھەردە بىر ھەيۋەتلىك ئۆي[1] بىنا بوپتۇ، ئۆينىڭ ئىچى ناھايىتى ياخشى ياسىلىپتۇ. ھەممە كىشىنىڭ ئۇنى كۆرگۈسى كېلىدىكەن، ھەتتا باشقا يۇرتلاردىكىلەرمۇ ئۇنى كۆرگىلى كېلىدىغان بوپتۇ. بۇ ئۆي ھېلىقى چاغدا پاراڭ قىلىشقان پۇلدارلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئىشىك يوچۇقىدىن ماراپ تۇرغان ھېلىقى بالىنىڭ ئىكەن. چۈنكى، ئىسمىنىڭ ئاخىرى «سېن» بولسىمۇ، ئۇ ئاخىر يارامىلىق ئادەمگە ئايلانغانىكەن. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى سوۋارسېن ئىكەن.



① ھەيۋەتلىك ئۆي — سوۋارسېن مۇزېيىنى كۆرسىتىدۇ.

پادىشاھنىڭ ئېتى ئالتۇن تاجلىق بوپتۇ. نېمە ئۈچۈن ئۇ ئالتۇن تاجلىق بولالىغان؟ چۈنكى، ئۇ ئەڭ چىرايلىق ھايۋان، چىرايلىق پۇتلىرى بار، كۆزلىرىدىن زېرەكلىكى چىقىپ تۇرىدۇ، يالى بويىنىدا خۇددى يېپەكتەك يېيىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ خوجايىنىنى مىندۇرگىنىچە يامغۇردەك يېغىۋاتقان، دەھشەتلىك ۋىژىلدىغان ئوقلار ئارىسىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەنىكەن. دۈشمەن يېقىنلاشسا، ئۇ ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەرنى چىشلەپ، تېپىپ يۇرۇپ خوجايىنىغا يېقىن كەلتۈرمىگەنىكەن. ئۇ پادىشاھنى مىندۇرگىنىچە، دۈشمەننىڭ يېقىلىپ ياتقان ئاتلىرىنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ، پادىشاھنىڭ ئالتۇن تاجىنى، ئالتۇن تاجدىنمۇ قىممەتلىك بولغان جېنىنى قۇتقۇزغانىكەن.



شۇڭا، ئۇ ئىككى ئالتۇن تاقىغا ئېرىشىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئات ئېغىلىدا بىر تۇلۇقچىقوڭغۇزمۇ ياشايدىكەن. ئۇ ئىككى ئالتۇن تاقىنى كۆرۈپ، ئۆمىلىگىنىچە تۆمۈرچىنىڭ ئالدىغا كېپتۇ ۋە ئورۇق، ئىنچىكە پۇتلىرىنى سوزۇپتۇ.

— سەن نېمە قىلماقچى؟ — دەپ سوراپتۇ تۆمۈرچى.

— ئالتۇن تاقىدا تاقىلاپ قوي! — دەپتۇ تۇلۇقچىقوڭغۇز.

— كاللاڭنىڭ دەردى بارمۇ يا؟ — دەپتۇ تۆمۈرچى، — سەنمۇ ئالتۇن تاقىلىق بولماقچىمۇ؟

— ئەلۋەتتە! — دەپتۇ تۇلۇقچىقوڭغۇز، — ئەجەبا، مەن شۇنداق بولسام بولمامدىكەن؟ كىشىلەر پادىشاھنىڭ ئېتىدىن خەۋەر ئالىدۇ، ئۇنى يۇيۇپ قويىدۇ، سۇغىرىدۇ، ئۇنىڭغا بوغۇز بېرىدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا

پادىشاھنىڭ ئىغىلىدا ياشايمەنغۇ! ئەجەبا، مەن ئۇ بەھرىمەن بولغان مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولسام بولمامدىكەن؟ !

— لېكىن، سەن ئۇنىڭ قانداق بولۇپ ئالتۇن تاقىغا ئېرىشكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟

— بىلمەمسەن؟ نېمىشقا بىلمىگۈدەكمەن؟ تازا ئوبدان بىلىمەن. لېكىن، مەن يەنىلا ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇشۇم كېرەك ـ دە. بۇنداق قىلمىساڭلار، ئىغىلدىن چىقىپ كېتىمەن!

— ئىشىڭنى قىل، نەگە بارساڭ بار! — دەپتۇ تۆمۈرچى.

— توڭ ئەبلەخ ! — دەپتۇ تۇلۇقچىقوڭغۇز، ئاندىن ئۆمىلىگىنىچە ئىغىلدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئازراق ئۇچقاندىن كېيىن، بىر كىچىك باغچىغا كەپتۇ. ئۇ يەردە قىزىلگۈل ۋە ئۇستقۇددۇسنىڭ خۇش ھىدى گۇپۇلدەپ تۇرىدىكەن.

— بۇ يەر چىرايلىق ئەمەسمىكەن؟ — دەپتۇ قالقانغا ئوخشاش قاتتىق، قارا چېكىتلىك قىزىل قاناتلىرىنى پىرىلدىتىپ ئۇچۇپ يۈرگەن بىر خانقىز، — بۇ يەر شۇنچە خۇش پۇراق، بۇ يەر بەك گۈزەل!

— مەن تېخىمۇ ياخشى يەردە تۇرۇپ ئادەتلەنگەن، — دەپتۇ تۇلۇقچىقوڭغۇز، — مۇشۇ يەرنى چىرايلىق دەۋاتامسەن تېخى ! بۇ يەردە ھەتتا بىرەر كاللەك تېزەكمۇ يوق ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن، تۇلۇقچىقوڭغۇز ئۆمىلەشنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر پارچە رۇخسارگۈللۈككە كەپتۇ.

— بۇ دۇنيا ھەقىقەتەن چىرايلىق جۇمۇ! — دەپتۇ

روخسارگۈلنىڭ ئۈستىدە ئۆمىلەپ يۈرگەن بىر تۈكلۈك قۇرت، — قۇياشنىڭ ئىللىقلىقىنى دېمەمسەن تېخى! بۇ يەرنىڭ ھەممە نەرسىسى ئاجايىپ گۈزەل! كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن ئۇخلاپ قالسام، يەنى كىشىلەرنىڭ دەيدىغىنىدەك ئۆلۈپ قالسام، قايتا ئويغانغاندا بىر كېپىنەككە ئايلىنىمەن.

— بۇنداق قىلالايدىغانلىقىڭنى ئويلىماپتىكەنمەن! — دەپتۇ تۇلۇقچىقوڭغۇز، — مانا قارا، مەن كېپىنەكتەك ئۇچۇپ يۈرۈۋاتىمەنغۇ! مەن پادىشاھنىڭ ئېغىلىدىن كەلدىم. ئۇ يەردە ھەتتا پادىشاھنىڭ ئېتىنىڭ ئالتۇن تاقىسى بار. ئۇ ئالتۇن تاقىنى ماڭا بېرىۋىدى، ئالمىدىم، مېنىڭ ئۇنداق نوچىلىقنى قىلغۇم يوق. بۇ ئىشلارغا ئاچچىقلانغۇم يوق ئىدى، ئەمما نېمىشقىكىن يەنىلا ئاچچىقلىنىپ كېتىۋاتىمەنغۇ تاڭ. ئەڭ ياخشىسى، راسا بىر ئۇچايچۇ!

تۇلۇقچىقوڭغۇز ئازراقلا ئۇچقاندىن كېيىن، بىر چۆپلۈككە قونۇپتۇ. ئۇ چۆپلۈكتە بىردەم يېتىپتۇ، ئاندىن كېيىن ئۇخلاپ قاپتۇ.

بىردىنلا يامغۇر شارىلداپ يېغىپ كېتىپتۇ. چۆچۈپ ئويغانغان تۇلۇقچىقوڭغۇز يەرنى كولاپ كىرىۋالماقچى بوپتۇ، ئەمما ئۇنداق قىلالماپتۇ. ئۇ يامغۇر سۈيىدە دەم ئۈڭدا، دەم دۈمدە بولۇپ خېلى يەرگىچە ئېقىپ بېرىپتۇ، بۇ چۆپلۈكتىن تىرىك چىقىپ كېتىشكە كۆزى يەتمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن، بولدىلا، جايىمدا يېتىۋېرەي دەپتۇ ـ دە، كېلىپ توختىغان يېرىدە يېتىپ قاپتۇ.

كېيىن، يامغۇر سەل سۇسلاپتۇ. تۇلۇقچىقوڭغۇز كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، كۆزىنى توسۇۋالغان يامغۇر

تامچىلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇ ئاقۇچراق بىر نەرسىنى كۆرۈپ قاپتۇ، بۇ بىركىم يېيىپ قويغان كارىۋات كىرلىكى ئىكەن. تۇلۇقچىقوغۇز ئۆمىلەپ بېرىپ، ھۆل كىرلىكنىڭ قېتىغا كىرىۋاپتۇ. ئۇنىڭ قېتىدا يېتىش ئېغىلدىكى ئىللىق قىغ دۆۋىسىنىڭ ئىچىدە يېتىشتەك راھەت ئەمەس ئىكەن. لېكىن، بۇ يەردە ئۇنىڭدىنمۇ راھەت جاي بولمىغاچقا، تۇلۇقچىقوغۇز كىرلىكنىڭ قېتىدا بىر كېچە - كۈندۈز يېتىپتۇ، يامغۇرمۇ توختىماي يېغىۋېرىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە، تۇلۇقچىقوغۇز ھاۋادىن ئاغرىنغان ھالدا كىرلىكنىڭ قېتىدىن ئۆمىلەپ چىقىپتۇ.

كارىۋات كىرلىكنىڭ ئۈستىدە ئىككى پاقا بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدىكەن.

— بۇ ھاۋا بەك راھەت جۇمۇ! — دەپتۇ بىر پاقا، — ھاۋا شۇنچە ساپ، يەنە تېخى كىرلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىرمۇنچە سۇ يىغىلىپ قاپتۇ، ئۈزگۈم كەلگەن ئوخشايدۇ، ئارقا پۇتلىرىم قىچىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ھېچ بىلەلمىدىم، — دەپتۇ يەنە بىر پاقا، — ئۇچۇپ يۈرگەن ئاۋۇ قارلىغاچلار چەت ئەللەرنى ساياھەت قىلىپ يۈرگەندە، بىزنىڭ ئېلىمىزنىڭ ھاۋاسىدىنمۇ ياخشى جاينى كۆرۈپ باققان بولغىيمىدى. سىم - سىم يامغۇر، نەمخۇش ھاۋا نېمىدېگەن راھەت - ھە ! شۇ تاپتا مەن خۇددى بىر كۆلچەكتە ياتقاندەكلا بولۇۋاتىمەن! ئەگەر بەزىلەر بۇ يەرنى ياقتۇرمايدىغان بولسا، بۇ ھەقىقەتەن ۋەتەننى سۆيمىگەنلىك بولىدۇ - دە !

— بۇ گېپىڭلاردىن قارىغاندا، سىلەر پادىشاھنىڭ



ئېغىلىغا زادىلا بېرىپ باقمىغان ئوخشايسىلەر، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ تۇلۇقچىقوڭغۇز، — ئۇ يەر نەم، ئىللىق ھەم خۇش پۇراق ! مەن شۇنداق ھاۋاغا كۆنۈپ قالغان، ئۇ مېنىڭ ھاۋايىم. لېكىن، بۇ ھاۋانى سىرتقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. بۇ باغچىدا مېنىڭدەك يۇز - ئابرۇيلۇقلار راھەتلەنگۈدەك بىرەر جاي يوقمۇ؟

لېكىن، پاقىلار ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى چۈشەنمىگەنمۇ ياكى چۈشىنىشنى خالىمىغانمۇ قانداق، ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەپتۇ.

— مەن ئەزەلدىن سوئالىمنى تەكرارلاپ باققان ئەمەسمەن، — دەپتۇ تۇلۇقچىقوڭغۇز سوئالىنى ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلاپمۇ جاۋابقا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەنە ئۆمىلەشنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر سۇنۇق تەشتەكنىڭ يېنىغا بېرىپ قاپتۇ. ئۇ: «بۇ يەردىكى تۇرغۇم يوق، ئەمما كەلگەندىكىن، ئازراق ئارام

ئېلىۋالاي» دەپ ئويلاپتۇ. بۇ يەردە بىرنەچچە ئائىلىلىك لابىدۇرا قۇرتى تۇرىدىكەن. تۇرالغۇسى كىچىك بولۇپ، ئۇلار قىستىلىشىپ ياشاشقا ئادەتلەنگەنىكەن، چىشلىرىنىڭ ئانلىق خۇسۇسىيىتى بەك كۈچلۈك، شۇڭا ئۇلارنىڭ باللىرى بىر - بىرىدىن چىرايلىق، ئەقىللىق ئىكەن.

— ئوغلىمىز توي قىلىشقا پۈتۈشتى، — دەپتۇ بىر ئانا، — ئۇ مېنىڭ ئوماق، سەبىي قوزام ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي ئارزۇسى كۈنلەرنىڭ بىرىدە پوپىنىڭ قولىقىغا كىرىش. ئۇ بەك ئوماق، بەك سەبىي. توي پۈتۈمى ئۇنى چۈشەپ قويىدىغان بولدى، لېكىن مەن بۇنىڭدىن بەك خۇش.

— مېنىڭ ئوغلۇم بايا تۇخۇمدىن چىقىپلا ئويناشقا باشلىدى، — دەپتۇ يەنە بىر ئانا، — ئۇنىڭ زېھنى ئاجايىپ ئۆتكۈر، ئۇ بېشىدىكى ساقاللىرىنىمۇ يوقىتىۋېتىپتۇ. ئانا دېگەن بۇنىڭدىن خۇشال بولماي تۇرالامدۇ؟ قانداق دېدىم، تۇلۇقچىقوڭغۇز ئەپەندى؟

— ئەمدى سىز مېنىڭ بالامنى كۆرۈپ بېقىڭ، — دەپتۇ ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئانىلار تەڭلا، — ئۇلار ھەقىقەتەن ئوماق، قىزىقارلىق باللار! قورسىقى ئاغرىپ قالمىسىلا، ھەرگىز كەپسىزلىك قىلمايدۇ. لېكىن، باللىرىمىزنىڭ قورسىقى پات - پاتلا ئاغرىپ قالىدۇ.

ئارقىدىن، قالغان ئانىلارمۇ بىر - بىرلەپ باللىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ باللىرىمۇ پاراڭغا قېتىلىپتۇ، يەنە تېخى قۇيرۇقى بىلەن تۇلۇقچىقوڭغۇزنىڭ بۇرۇتلىرىنى سىلاپ بېقىپتۇ.

— بۇ كاساپەتلەر دائىم ھەرقانداق نەرسىنى سىلاپ

كۆرىدۇ! — دەپتۇ بىرقانچە ئانا ئامىراقلىق بىلەن. لېكىن، تۇلۇقچىقوڭغۇز ئۇلارنىڭ پارىڭىدىن قاتتىق زېرىكىپ، بۇ ئەتراپتا قىغ دۆۋىسىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ.

— بار، ئەمما يىراقتا، ئاۋۇ ئېرىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە، — دەپتۇ بىر ئانا، — باللىرىمنىڭ بىرەرىنىڭمۇ ئۇ يەرگە بېرىپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، ئۆلگىنىم ياخشى !

— ھەرقانچە يىراق بولسىمۇ، ئۇ يەرگە بارالايدىغان - بارالمايدىغانلىقىمنى بىلىپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ تۇلۇقچىقوڭغۇز، ئاندىن ئۇلارغا خوشمۇ دەپ قويماي يۈرۈپ كېتىپتۇ.

تۇلۇقچىقوڭغۇز ئېرىقنىڭ يېنىغا بارغاندا بىرنەچچە تۇلۇقچىقوڭغۇزنى ئۇچرىتىپتۇ.

— بىز مۇشۇ يەردە تۇرىمىز، — دەپتۇ ھېلىقى تۇلۇقچىقوڭغۇزلار، — بىز بەك ئەركىن ياشايمىز! سىزنىڭ مۇنبەت زېمىنىمىزغا كەلگەنلىكىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز! سەپەردە ھاردۇق يەتكەندۇ ھەرقاچان؟

— شۇنداق، — دەپتۇ تۇلۇقچىقوڭغۇز، — مەن يامغۇر ياغقان كۈنى كارىۋات كىرلىكىدە ئۇخلىدىم، پاكىز مۇھىت مېنىڭ كۆچۈمنى خورىتىۋەتتى. بىر سۇنۇق تەشتەكنىڭ ئاستىدا شامالدىن دالدىلاندىم، بۇ چاغدا قانتىمىنىڭ سۆڭەكلىرىگە سوغۇق ئۆتۈپ كەتتى. سىلەردەك تۇرداشلىرىمنى ئۇچرىتىپ ھەقىقەتەن راھەتلىنىپ كەتتىم.

— سىز قايسى قىغ دۆۋىسىدىن كەلدىڭىز؟ —

دەپتۇ سوراپتۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چوڭراق بىرى.

— مەن پادىشاھنىڭ ئېغىلىدىن كەلدىم، — دەپتۇ تۇلۇقچىقوڭغۇز، — تۇغۇلۇشۇمدىلا پۇتلىرىمدا ئالتۇن تاقا بار ئىدى. بۇ قېتىم مەن مەخپىي ۋەزىپە بىلەن بۇ ياققا كەلدىم، سىلەر بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەڭلار، بۇنى ھەرگىز دەپ بەرمەيمەن.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ مىلىچلاپ تۇرغان قىغ دۆۋىسىگە ئۆمىلەپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردىكى ئۈچ تۇلۇقچىقوڭغۇز قىزچاق يوشۇرۇنچە كۈلۈشۈپتۇ، چۈنكى ئۇلار نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغانىكەن.

— ئۇلارنىڭ تېخى بېشى باغلانمىغان، — دەپتۇ ئانىسى. ئۇلار خىجىل بولغان ھالدا كۈلۈشۈپتۇ.

— پادىشاھنىڭ ئېغىلىدا ئۇلاردەك چىرايلىق قىزلارنى كۆرۈپ باقمىغانمەن، — دەپتۇ تۇلۇقچىقوڭغۇز.

— لېكىن، قىزلىرىمنى بەك ماختاپ ئۈچۈرۈۋەتمەڭ! ئەگەر سەممىيىتىڭىز بولمىسا، ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلماڭ. راستىنلا سەممىيىتىڭىز بولسا، مەن ئۇلارنى تەبرىكلەيمەن ئەلۋەتتە!

— قالتىس گەپ قىلدىڭ! — دەپ توۋلىشىپتۇ قالغان تۇلۇقچىقوڭغۇزلار. شۇنىڭ بىلەن، تۇلۇقچىقوڭغۇز توي قىلىشقا پۈتۈشۈپتۇ.

تۇلۇقچىقوڭغۇز تويدىن كېيىنكى تۇنجى كۈننى ناھايىتى ياخشى ئۆتكۈزۈپتۇ، ئەتىسىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ. لېكىن، ئۈچىنچى كۈنى بولغاندا، پادىشاھنىڭ ئېغىلىدىن كەلگەن تۇلۇقچىقوڭغۇز خوتۇنىنى، يەنە باللىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىنى ئويلاپ قاپتۇ.

— بۇ كۈتۈلمىگەن ئىش مېنى چۆچەپ قويغۇدەك، — دەپتۇ ئۇ، — شۇڭا، مەنمۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر كۈتۈلمىگەن ئىشنى قىلاي.

ئۇ راستىنىلا شۇنداق قىپتۇ. ئۇ بىر كۈن كۆرۈنمەپتۇ، بىر كېچە كۆرۈنمەپتۇ، خوتۇنى تۇل بولۇپ قاپتۇ. باشقا تۇلۇقچىقوڭغۇزلار: «بىز بىر سەرگەرداننىڭ بېشىنى سىلاپتۇق، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ خوتۇنىدىن خەۋەر ئېلىش بىزگە قالدى» دېيىشىپتۇ.

— شۇ قىلغان ئەسكىلىكىڭ ئۈچۈن بېشىڭنى يەرسەن! — دەپتۇ تۇلۇقچىقوڭغۇزنىڭ قېينانىسى.

غايىب بولغان تۇلۇقچىقوڭغۇز سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ بىر يېپىشقۇلەك يوپۇرمىقىغا ئولتۇرۇپ ئېرىقتىن ئۆتۈۋاپتۇ. تاڭ يورۇغاندا بىر چوڭ ئادەم، بىر ئوغۇل بالا كەپتۇ. ئۇلار تۇلۇقچىقوڭغۇزنى كۆرۈپ قېلىپ، تۇتۇۋېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ بېقىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىككىسىلا، بولۇپمۇ ئوغۇل بالا بەك بىلىملىك ئىكەن. ئوغۇل بالا تۇلۇقچىقوڭغۇزنىڭ تۈرى ۋە تەۋەلىكى توغرىسىدا سۆزلەپتۇ. چوڭ ئادەم ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىشكە قارشى چىقىپتۇ، چۈنكى ئۆيدە تۇلۇقچىقوڭغۇزنىڭ ياخشى ئەۋرىشكىسى بار ئىكەن. «بۇ ماڭا قىلىنغان ئەدەپسىزلىكقۇ!» دەپ ئويلاپتۇ تۇلۇقچىقوڭغۇز ۋە «پىر - ر» قىلىپ ئۇنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چىقىپتۇ - دە، نېرىدىكى پارنىككا ئۇچۇپ بېرىپتۇ. پارنىكنىڭ بىر دېرىزىسى ئوچۇق بولغاچقا، ئۇ ئاسانلا كىرىۋاپتۇ - دە، ئۆزىنى يېڭى قىغ دۆۋىسىگە ئېتىپتۇ.

— بۇ يەر ھەقىقەتەن راھەت ئىكەن! — دەپتۇ ئۇ.

ئۇ تېزلا قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، چۈشىدە پادىشاھنىڭ ئېتىنىڭ تاقىسى بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئالتۇن تاقىغا ئىگە بولغانلىقىنى، يەنە تېخى ئىككى ئالتۇن تاقا بېرىش ۋەدىسىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئويغانغاندىن كېيىن، ئۇ يۇقىرىغا قاراپ بېقىپتۇ. پارنىك نېمىدېگەن چىرايلىق ـ ھە ! چوڭ ـ چوڭ پالما يوپۇرماقلىرى ئېگىزدە سوزۇلۇپ تۇرىدىكەن، قۇياش نۇرى ئۇلارنى سۈزۈك قىلىۋەتكەنىكەن. پالما دەرىخىنىڭ ئاستى بىر پارچە يېشىللىق بولۇپ، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، قىزىللىرى ئوتقاشتەك، سېرىقلىرى كەھرىۋادەك، ئاقلىرى قاردەك چاقناپ تۇرىدىكەن.

«بۇ ھەقىقەتەن تەڭداشسىز گۈزەل مەنزىرىلىك جاي ئىكەن. بۇ گۈللەر چىرىگەندىن كېيىن چوقۇم تەڭداشسىز خۇش پۇراق بولىدۇ! — دەپتۇ تۇلۇقچىقوڭغۇز ئۆز ـ ئۆزىگە، — مەن ئۇچۇن بۇ يەر ئېسىل ئاشخانا بولغۇدەك. بۇ يەردە جەزمەن جەمەتىمىزدىكىلەر ياشايدۇ، ئۇلارنى ئىزدەپ باقاي، بىرنەچچىسى بىلەن تونۇشۇۋالسام ئەجەب ئەمەس.»

بۇ چاغدا، بىر قول ئۇنى تۇتۇۋېلىپ مىجىقلاپ، ئوڭ ـ تەتۈر ئۆرۈپ، ئايلاندۇرۇپ بېقىپتۇ.

ئەسلىدە، پارنىكتا ئويناۋاتقان باغۋەننىڭ كىچىك ئوغلى بىلەن ئۇنىڭ بىر دوستى تۇلۇقچىقوڭغۇزنى كۆرۈپ قالغانىكەن. باغۋەننىڭ ئوغلى ئۇنى ئۈزۈم يوپۇرمىقىغا ئوراپ يانچۇقىغا سېلىۋاپتۇ. تۇلۇقچىقوڭغۇز يانچۇقتا جېنىنىڭ بارىچە تېپىرلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، باغۋەننىڭ ئوغلى بىر قولى بىلەن ئۇنى چىڭ

تۇتقىنىچە، باغچىنىڭ ئۇ بېشىدىكى كۆلگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپتۇ. بۇ يەردە باللار تۇلۇقچىقوڭغۇزنى بىر كونا ياغاچ كەشنىڭ ئىچىگە ساپتۇ، ياغاچ كەشكە بىر تال ياغاچ زىخنى سانجىپ ماچتا قىپتۇ، ئاندىن تۇلۇقچىقوڭغۇزنى يۇڭ يىپ بىلەن زىخقا باغلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ «كېمە كاپىتانى» بولۇپ قاپتۇ.

تۇلۇقچىقوڭغۇزنىڭ نەزىرىدە بۇ كۆل دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئوكيان ئىكەن. ئۇ قورقۇپ كەتكىنىدىن ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ ـ دە، پۇتلىرىنى قالايمىقان تېپىرلىتىپتۇ.

ياغاچ كەش لەيلىگىنىچە كۆل سۈيىنىڭ ئېقىشى بويىچە سەل يىراقلىغانىكەن، باغۋەننىڭ ئوغلى دەرھال پۇچقىقىنى تۈرۈپ سۇغا چۈشۈپ، ئۇنى قايتۇرۇپ كەپتۇ. لېكىن، ياغاچ كەش ئىككىنچى قېتىم كۆلگە قويۇپ بېرىلگەندە، بىركىم باللارنى چاقىرىپ قاپتۇ، باللار ياغاچ كەش بىلەن كارى بولماي يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قاپتۇ. ياغاچ كەش ئاستا ـ ئاستا قۇرۇقلۇقتىن يىراقلىشىپ كېتىپتۇ. تۇلۇقچىقوڭغۇز ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ ئەھۋال ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىكەن. ئۇ ماچتىغا چىڭ باغلاپ قويۇلغان بولغاچقا، ئۇچىمەن دېسىمۇ ئۇچالمايدىكەن.

ياغاچ كەش تەرەپكە ئۇچۇپ كەلگەن بىر چىۋىن ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— ھاۋا ھەقىقەتەن بەلەن بولۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ چىۋىن، — بۇ يەردە ئارام ئالسام بولغۇدەك! يەنە تېخى بۇ يەردە ئاپتاپسىنسام بەك راھەت بولغۇدەك!

— ئېماندىق تېتىقسىز گەپ قىلىسەن! مېنىڭ بۇ

يەرگە باغلاپ قويۇلغانلىقىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟

— سەن باغلاقلىق بولغىنىڭ بىلەن، مەن باغلاغلىق ئەمەس - دە ! — چىۋىن شۇنداق دەپلا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

— هازىر مەن بۇ دۇنيانى تونۇپ يەتتىم، — دەپتۇ تۇلۇقچىقوڭغۇز، — بۇ بىر رەزىل دۇنيا ئىكەن، مەنلا بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر ئالىيجاناب جانلىق ئىكەنمەن ! ئاۋۋال ماڭا ئالتۇن تاقىنى بېرىشمىدى، ئارقىدىن مەن هۆل كىرلىكنىڭ قېتىدا يېتىپ قالدىم، يەنە تېخى بوراندا قالدىم، ئاخىرىدا ماڭا بىر خوتۇننى زورلاپ ئېلىپ بېرىشتى. مەن بۇ دۇنياغا قەدەم تاشلاپ، خەقلەرنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باقاي دەۋاتسام، بىر شۇمتەك مېنى باغلاپ بىپايان ئوكيانغا تاشلىۋەتتى. لېكىن، پادىشاهنىڭ ئېتى ئالتۇن تاقىسى بىلەن مېڭىپ يۈرىدۇ! بۇ ئىشلار راستتىنلا كۆڭلۈمنى بەك ئازابلىماقتا. بۇ دۇنيادا هېسداشلىق دېگەن نەرسە قىلچىمۇ يوق ئىكەن! مېنىڭ كەسپىم بەك قىزىقارلىق، ئەمما ئۇنىڭدىن زوقلانغۇچىلار بولمىسا نېمە پايدىسى؟ بۇ دۇنيامۇ مېنىڭدىن زوقلانمايدىكەن، بولمىسا، پادىشاهنىڭ ئېغىلىدا ئۇنىڭ ئېتى تاقىلىنىشنى كۈتۈپ پۇتلىرىنى سوزۇپ تۇرغاندا، تۆمۈرچى مېنىمۇ ئالتۇن تاقا بىلەن تاقىلاپ قويماسمىدى؟ مەن ئالتۇن تاقىغا ئېرىشسەم، ئېغىل ئۇچۇن شەرەپ بولماسمىدى؟ مانا ئەمدى پادىشاهنىڭ ئېغىلى مېنىڭدىن ئايرىلىپ قالدى، دۇنيامۇ مېنىڭدىن ئايرىلىپ قالاي دەۋاتىدۇ، هەممە ئىش تۈگەشتى !

لېكىن، ئىشلار ئۇنىڭ دېگىنىدەك تۈگىمەپ

كەتمەپتۇ. تۇلۇقچىقوڭغۇز بۇ دۇنيادىن ئاغرىنىپ تىنماي قاقشاۋاتقاندا، بىرنەچچە قىز ئولتۇرغان بىر قېيىق كېلىپ قاپتۇ.

— ئاۋۇ يەردە بىر ياغاچ كەش لەيلەپ يۈرىدۇ، — دەپتۇ بىر قىز.

— ئۇنىڭغا بىر ھاشارات باغلاپ قويۇلۇپتۇ، — دەپتۇ يەنە بىرى.

قىزلار قېيىقنى يېقىنلاشتۇرۇپ، ياغاچ كەشنى تۇتۇۋاپتۇ. بىر قىز بىر قايچىنى چىقىرىپ، يۇڭ يىپنى ئېھتىيات بىلەن كېسىپتۇ. قىرغاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار تۇلۇقچىقوڭغۇزنى چۆپلۈككە قويۇپ بېرىپتۇ.

— قېنى، ئۆمىلىيەلەيدىغان بولساڭ ئۆمىلە، ئۇچالايدىغان بولساڭ ئۇچ! — دەپتۇ ئۇلار، — ئەركىنلىك دېگەن بەك ياخشى نەرسە!

تۇلۇقچىقوڭغۇز قاناتلىرىنى پىرىلدىتىپ كۆچەپ ئۇچۇپ، بىر قانتى ئوچۇق دېرىزىدىن بىر بىنانىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. بۇ پادىشاھنىڭ ئېغىلى ئىكەن. تۇلۇقچىقوڭغۇز ھالىدىن كەتكەن ھالدا پادىشاھنىڭ ئېتىنىڭ يىپەكتەك يۇمشاق، ئۇزۇن يالىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ ئاتنىڭ يالىنى چىڭ تۇتقىنىچە خېلىغىچە ھاسىراپ ئولتۇرۇپتۇ. «قاراڭلار، پادىشاھنىڭ ئېتىنى مىنىۋالدىم! شۇ تاپتا چەۋەندازغىلا ئوخشاپ قالدىم! توغرا، بۇ ئاتنىڭ نېمە ئۈچۈن ئالتۇن تاقىلىق بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندىم. ئەسلىدە، بۇ مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئىكەن ئەمەسمۇ!»

تۇلۇقچىقوڭغۇزنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قاپتۇ.

«سەپەر كاللىنى سەگىتىپ قويىدىكەن ـ دە !» دەپتۇ ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە.

ئىغىلغا چۈشكەن قۇياش نۇرى ئۇنى يورۇتۇپتۇ. «بۇ دۇنيانى ئۇنچىۋالا يامان دېگىلىمۇ بولمىغۇدەك، — دەپتۇ تۇلۇقچىقوشقۇز، — لېكىن، گەپ سېنىڭ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى بىلىشىڭدا ئىكەن ! ئەمدى مەن باشقا تۇلۇقچىقوشقۇزلارنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارغا ئادەملەرنىڭ مېنىڭ ئۇچۇن قانداق ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرەي. مەن ئۇلارغا چەت ئەلگە قىلغان سەپىرىمدە ئېرىشكەن تەسىراتلىرىمنى دەپ بەرمىسەم بولمايدۇ. يەنە ئۇلارغا ئۆز ئۆيۈمدە تاكى پادىشاھنىڭ ئېتىنىڭ ئالتۇن تاقىسى ئۇپراپ تۈگەپ كەتكۈچە تۇرىدىغانلىقىمنى ئېيتىشىم كېرەك !»



# قۇلۇلە بىلەن قىزىلگۈل

باغچىنىڭ ئەتراپى بوك - باراقسان چاتقاللىق بولۇپ، خۇددى چىتلاققا ئوخشايدىكەن، ئۇنىڭ سىرتى ئېتىزلىق ۋە ئوتلاق ئىكەن، ئوتلاقتا نۇرغۇن قوي - كالا ئوتلاپ يۇرىدىكەن. باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا غۇچچىدە ئېچىلىپ كەتكەن باراقسان قىزىلگۈل بار ئىكەن، ئۇنىڭ تېگىدە بىر قۇلۇلە ياشايدىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىكەن، ئەمما بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭغىلا مەنسۇپ ئىكەن.

— كۈتۈپ تۇر، ماڭا نۆۋەت كەلگۈچە كۈتۈپ تۇر! — دەيدىكەن قۇلۇلە، — مەن چېچەكلەشنى، مېۋىلەشنى ياكى قوي - كالىلارغا ئوخشاش سۈت چىقىرىشنى بىلمەيمەن، لېكىن تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى تەقدىم قىلماقچىمەن.



— مەن ساڭا راستىنلا چوڭ ئۈمىد باغلاۋاتىمەن، — دەپتۇ قىزىلگۈل، — ئېيتقىنا، دېگەنلىرىڭنى قاچان نەقلەشتۈرمەكچىسەن؟

— مەن ئالدىرىماي ئىش قىلىمەن، — دەپتۇ قۇلۇلە، — سەن دائىم ئالدىراقسانلىق قىلىسەن! ئالدىرىغان يولدا قالار دېگەننى بىلمەمسەن؟

كېيىنكى يىلى قۇلۇلە يەنىلا قىزىلگۈلنىڭ تېگىدە ئاپتاپسىنىپ يېتىپتۇ، ياتقان يېرىمۇ بۇلتۇرقى يەرنىڭ ئۆزى ئىكەن. قىزىلگۈل غۇنچىلاپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەي گۈللەرمۇ ئېچىلىپتۇ. قۇلۇلە مۈڭگۈزىنى سەل - پەل چىقىرىپ قويۇپ، يەنە يىغىۋاپتۇ - دە:

— ھەممە نەرسە يەنىلا بۇلتۇرقى بىلەن ئوخشاشلا تۇرىدۇ، ئازراقمۇ ئۆزگىرىش بولماپتۇ! قىزىلگۈل يەنە گۈللەپتۇ، بىرەر يېڭى ئىشمۇ قىلماپتۇ، — دەپتۇ.

ياز كېتىپ كۈز كەپتۇ، قىزىلگۈل يەنىلا غۇنچىلاۋېرىپتۇ، ئېچىلىۋېرىپتۇ، بۇ ھال قار ياغقۇچە داۋام قىپتۇ. قىش كەپتۇ، شۇۋۇرغان ئۇشقىرتىپتۇ، قىزىلگۈل دۈگدىيىپتۇ، قۇلۇلە يەر ئاستىغا كىرىۋاپتۇ.

يەنە بىر يېڭى يىل باشلىنىپتۇ. قىزىلگۈل يەنە بىخلاپ شاخلاپتۇ، قۇلۇلىمۇ يەر ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقىپتۇ.

— ئەمدى سەن قېرىدىڭ، — دەپتۇ قۇلۇلە قىزىلگۈلگە، — ھاياتىڭ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. سەن بارلىقىڭنى دۇنياغا بەردىڭ، بۇنداق قىلىشىڭ ئەھمىيەتلىك - ئەھمىيەتلىك ئەمەسلىكى توغرۇلۇق ئويلانغۇدەك ۋاقتىم يوق. لېكىن، ناھايىتى روشەنكى، سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئازراقمۇ ئىش قىلمىدىڭ، بۇنى ئىنكار قىلالمايدىغانسەن؟ سەن پات ئارىدا قاقشال شاخقا ئايلىنىپ قالىسەن، گېپىمنى چۈشىنىۋاتقانسەن؟

— ۋاي - ۋۇي، مېنى ئەجەب قورقۇتۇۋەتتىڭغا ! — دەپتۇ قىزىلگۈل، — مەن بۇنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن !

— شۇنداق، قارىغاندا سەن مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە زادىلا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئوخشايسەن. سەن نېمە ئۈچۈن گۈللەيدىغانلىقىڭنى، گۈل ئېچىلىشىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىرەر قېتىم ئويلاپ باققانمۇ؟

— ياق ! — دەپتۇ قىزىلگۈل، — مەن خۇشاللىق بىلەن گۈللەيمەن، چۈنكى مەن پەقەت شۇنداق قىلالايمەن. قۇياش شۇ قەدەر ئىللىق، ھاۋا شۇ قەدەر ساپ، مەن مۆزدەك شەبنەم تامچىلىرىنى ۋە شىددەت

بىلەن چۈشكەن يامغۇر سۈيىنى سۈمۈرىمەن، مەن نەپەس ئالىمەن، ياشايمەن! نەم تۇپراق ۋۇجۇدۇمغا كۈچ بەرگەندە ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن، شۇڭا مەن ئۈزلۈكسىز گۈللىنىشىم كېرەك. مانا بۇ مېنىڭ تۇرمۇشۇم، مەن پەقەت مۇشۇنداق قىلالايمەن!

— ئەمىسە، سەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك كۈن ئۆتكۈزىدىكەنسەن-دە؟ — دەپتۇ قۇلۇلە.

— ھەقىقەتەن شۇنداق، مەن ھەممىگە ئېرىشتىم! لېكىن، سېنىڭ ئېرىشكەنلىرىڭ تېخىمۇ كۆپ. سەن پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىدىغان جانلىق. سېنىڭ ئىقتىدارىڭنىڭ يۇقىرىلىقى جاھاننى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ.

— مەن بۇنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باققىنىم يوق! دۇنيا بىلەن مېنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىم بولسۇن؟ ئۇنىڭسىزمۇ مېنىڭ ئۆز ئىشلىرىم ناھايىتى كۆپ.

— لېكىن، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى نەرسىلىرىمىزنى باشقىلارغا تەقدىم قىلىشىمىز كېرەكقۇ! مانا مەن دۇنياغا قىزىلگۈللەرنىلا تەقدىم قىلالايمەن. لېكىن، سەنچۇ؟ سەن شۇنچە جىق نەرسىگە ئېرىشتىڭ، ئۆزۈڭ دۇنياغا نېمە بەردىڭ؟

— مەن دۇنياغا نېمىنى بېرەتتىم؟ نېمىنى بەرسەم بولاتتى؟ مەن ئۇنىڭغا تۈكۈرۈپ قويىمەن! ئۇ كارغا كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىم يوق. سەن گۈللەۋەر، سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدىغىنىمۇ ئاران شۇنچىلىك! ئورمان ياڭقى دەرىخى ياڭاقلاۋەرسۇن، قوي-كالىلارمۇ سۈت بېرىۋەرسۇن! ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز دۇنياسى بار، مېنىڭ دۇنيايىم

ئۆزۈمدە ! مەن تۇگۇلۇپ قېپىمغا كىرىۋېلىپ ياشاۋېرىمەن، دۇنيا بىلەن ئالاقەم يوق !

قۇلۇلە شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئۆيىگە تۇگۇلۇپ كىرىپتۇ ـ دە، ئىشىكىنى ئېتىۋاپتۇ.

— كۆڭۈلنى يېرىم قىلغۇدەكلا ئىش بولدىغۇ! — دەپتۇ قىزىلگۈل، — مەن تۇگۇلۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا غۇنچىلىشىم، قىزىلگۈللەرنى ئېچىشىم كېرەك. بەرگلىرىم تۆكۈلسە شامال ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ. لېكىن، بىر تال قىزىلگۈلنى ئايال خوجايىنىنىڭ گۈزەللىك كۇيلەنگەن بىر شېئىر توپلىمىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويغانلىقىنى، بىر ساھىبجامال قىزنىڭ مەيدىسىگە بىر قىزىلگۈلنى تاقىۋالغانلىقىنى، يەنە چىرايى بەخت كۈلكىسى بىلەن پارلىغان بىر بالىنىڭ بىر قىزىلگۈلنى سۆيگەنلىكىنى كۆرگەنمەن. بۇلار مېنى بەك خۇشال قىلىدۇ، چۈنكى بۇ مەن ئۈچۈن ھەقىقىي بەخت. بۇ مېنىڭ ئەستىلىكىم، مېنىڭ تۇرمۇشۇم !

قىزىلگۈل جان ـ دىلى بىلەن گۈللەۋېرىپتۇ، قۇلۇلە دۇنيا بىلەن ئالاقەم يوق دەپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇگۇلۇپ يېتىۋېرىپتۇ.

يىللار ئۆتۇپتۇ. قۇلۇلە نەم تۇپراقتا يېتىپ نەم تۇپراققا ئايلىنىپتۇ. قىزىلگۈلمۇ نەم تۇپراققا ئايلىنىپتۇ، ھەتتا ھېلىقى شېئىرلار توپلىمىنىڭ قېتىغا قىستۇرۇلغان قىزىلگۈلمۇ قۇرۇپ قاپتۇ. لېكىن، باغچىدا يېڭى قىزىلگۈل ئۆسۈپ چىقىپ، غۇنچىلاپتۇ، گۈللەپتۇ. باغچىدا يېڭى قۇلۇلە پەيدا بوپتۇ، ئۇ سۇيۇقلۇق چىقارغىنىچە، دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتىم يوق دەپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇگۇلۇپ يېتىۋېرىپتۇ.

# كۇمۇش تەڭگە

پۇل زاۋۇتىدا ياسالغان بىر كۇمۇش تەڭگە جىرىڭلىغىنىچە بۇ دۇنياغا قەدەم تاشلاپتۇ. ئۇ گاھىدا بالىلارنىڭ ئىللىق قوللىرىغا، گاھىدا ئاچ كۆز كىشىلەرنىڭ شىلىمشىق قوللىرىغا چۈشۈپتۇ؛ ياشانغانلار ئۇنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈپ بېقىپتۇ، ياشلار ئۇنى بىردەمدىلا خەجلىۋېتىپتۇ.

ئازغىنا مىس قوشۇلغان بۇ كۇمۇش تەڭگىنىڭ بۇ دۇنياغا كەلگىنىگە توپتوغرا بىر يىل بوپتۇ، بىر يىل ئىچىدە ئۇ ئۆز دۆلىتىدە قولدىن - قولغا ئۆتۈپ يۈرۈپتۇ. كېيىن، ئۇ چەت ئەلگە چىقماقچى بولغان بىر كىشىنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ كىشى سەپەر تەييارلىقى قىلىۋېتىپ، يانچۇقىدىكى بۇ تەڭگىنى بايقاپ قاپتۇ ۋە: «يېنىمدا يۇرتۇمنىڭ تەڭگىسىدىن بىرى بار



ئىكەنغۇ! بوپتۇ، ئۇنىمۇ بىللە ئەكېتەي» دەپتۇ ئۆز ـ ئۆزىگە. ئۇ تەخىنى قايتىدىن ھەمىيىنىغا سالغاندا، كۆمۈش تەڭگە خۇشاللىقىدا ئويناقشىپ ـ جىرىڭشىپ كېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھەميانىدىكى چەت ئەللىك ھەمراھلىرى بىلەن بىللە بوپتۇ. سەپەر داۋامىدا ھەمىياندىكى ھەمراھلىرى كېتىپ، ئورنىغا يېڭى ھەمراھلار كېلىپ تۇرۇپتۇ، ئەمما كۆمۈش تەڭگە ھەميانىنىڭ ئىچىدە تۇرىۋېرىپتۇ.

ئارىدىن نەچچە ھەپتە ئۆتۈپتۇ، كۆمۈش تەڭگە يۇرتىدىن بەك يىراق يەرلەرگە بېرىپتۇ، ئەمما نەگە يېتىپ بارغانلىقىنى ئازراقمۇ بىلمەيدىكەن. ھەميانغا يېڭىدىن كىرگەن پۇللارنىڭ بەزىلىرى بىز ھازىر فرانسىيىدە دېسە، يەنە بەزىلىرى ئەمدى ئىتالىيىگە بارىمىز دەيدىكەن، ئەمما كۆمۈش تەڭگە يېتىپ كەلگەن يېرىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايدىكەن. ھەمياندا تۇرىۋەرگەندىكىن، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدىغان گەپ ـ دە!

بىر كۈنى كۆمۈش تەڭگە ھەميانىنىڭ چىڭ ئېتىلمىگەنلىكىنى بايقاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىر دومىلاپ، ئىككى دومىلاپ ھەميانىنىڭ ئېغىزىغا يېقىنلىشىپتۇ ـ دە، سىرتقا قاراپ باقماقچى بوپتۇ، لېكىن ئەمدىلا بويلاپ قاراي دېيىشىگە، ھەمياندىن سىيرىلىپ يانچۇققا چۈشۈپ قاپتۇ. كەچتە ئىگىسى ھەميانىنى ئېلىۋېلىپ، ئىشتىنىنى مېھمانخانىنىڭ مۇلازىمىغا تاشلاپ بېرىپتۇ. دەل شۇ چاغدا، كۆمۈش تەڭگە يانچۇقتىن چۈشۈپ قاپتۇ. كارىدورغا پالاز سېلىنغان بولغاچقا، تەڭگە جىرىڭلىيالماپتۇ، ئۇنى

ھېچكىم كۆرمەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە مۇلازىم ئىشتانىنى ئەكىرىپ بېرىپتۇ. تەڭگىنىڭ ئىگىسى كىيىنىپ كېتىپ قاپتۇ. كۇمۇش تەڭگىنى مېھمانخانىغا كەلگەن بىر كىشى كۆرۈپ قاپتۇ، ئەمدى ئۇ بۇ كىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشى كېرەك ئىكەن. يېڭى خوجايىن ئۇنى باشقا ئۈچ تەڭگە بىلەن قوشۇپ خەجلىۋېتىپتۇ.

«بۇمۇ ياخشى بولدى، — دەپ ئويلاپتۇ كۇمۇش تەڭگە، — ئۇ يەر - بۇ يەرلەرنى كۆرۈپ بېقىشنىڭ يامىنى يوققۇ، بۇنداق قىلغاندا، باشقا كىشىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ!»

— قانداق تەڭگە بۇ؟ — دېيىشىپتۇ بەزى كىشىلەر، — ئۇ بۇ دۆلەتنىڭ ئەمەس ئىكەن! ساختا پۇلدەك قىلىدۇ! ئۆتمەيدۇ ھەرقاچان!

«ساختا! ئىشلەتكىلى بولمايدۇ! شۇمۇ گەپمىش ! — دەپتۇ كۇمۇش تەڭگە ئۆز - ئۆزىگە، — مەن ئۆزۈمنىڭ ساپ كۇمۇشتىن ياسالغانلىقىمنى بىلىمەن، لېكىن ئۇلار مېنى ساختا، ئۆتمەيدۇ دېيىشىۋاتىدۇ! بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى؟ !»

كۇمۇش تەڭگىنى قولىغا ئالغان بىر كىشى: «بۇنى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئىشلىتىۋېتەي!» دەپتۇ. دېگەندەك، قاراڭغۇ چۈشكەندە كۇمۇش تەڭگە باشقا بىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپتۇ، ئەتىسى ئەتىگەندە بۇ كىشى ئۇنى كۆرۈپ قاقشاپ كېتىپتۇ:

— مېنى نەس بېسىپتۇ - دە، ساختا پۇل ئىكەن ئەمەسمۇ! مەنمۇ كەچتە باشقىلارنى قارا باستۇرامدىم

ئەمدى !

كۇمۇش تەڭگە ھەر قېتىملىق ئىگىسى باشقىلارنى قارا باستۇرغاندا ئىختىيارسىز تىترەپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

«مەن نېمىدېگەن بىچارە ـ ھە ! — دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ كۇمۇش تەڭگە، — كۇمۇشلۇكۇم، قىممىتىم، خەت ۋە تامغىلىرىم ئەھمىيەتسىز بولۇپ قالغاندا، مېنىڭ نېمە پايدام بولىدۇ؟ دۇنيا ساڭا ئىشەنگەندىلا، ئاندىن سېنىڭ قىممىتىڭ بولىدىغان گەپكەن. مەن ئەسلىدە تامامەن گۇناھسىز ئىدىم، تەقى ـ تۇرقۇم باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈنلا، مېنى تۇتقان كىشىلەر يوشۇرۇنچە جىنايەت يولىغا مېڭىپ، مېنى ئارامىمدا قويمايۋاتىدۇ، بۇ بەك قورقۇنچلۇق بولىدىكەن !»

بىر قېتىم كۇمۇش تەڭگە تولىمۇ نامرات بىر ئايالنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ خوراز چىللىمىغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئىشلەپ، ئىش ھەققى ئۈچۈن مۇشۇ كۇمۇش تەڭگىنى ئالغانىكەن. لېكىن، ئۇ بۇ پۇلنى قانداقمۇ ئىشلىتەلەيدۇ؟ كۇمۇش تەڭگە بۇ ئايالغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ قولىدىن نېمە كەلسۇن؟

— بۇ قېتىم مەن بۇ تەڭگە بىلەن باشقىلارنى ئالدايدىغان بولدۇم، — دەپتۇ ئايال، — ساختا پۇلنى يېنىمدا ساقلىغىنىم بىلەن، بەربىر ئىشلىتەلمەيمەن. بۇنى بولكىخانىنىڭ پۇلدار خوجايىنىغا بېرەي، ئۇنىڭغا ھېچقانچە زىيان بولۇپ كەتمەس. لېكىن، نېمىلا دېگەنبىلەن، مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم خاتا.

«ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، ئەمدى مەن بۇ ئايالنىڭ

ۋىجدانىنى بۇلغاپ قويىدىغان بولدۇم ! ــ دەپتۇ كۇمۇش تەڭگە ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ، ــ يېشىم چوڭايغانچە مەن راستىتىنلا بەك ئەسكىلىشىپ كېتىۋاتامدىم، قانداق؟»

ئايال كۇمۇش تەڭگىنى بولكىخانىغا ئاپىرىپتۇ، لېكىن خوجايىن پۇلنى بەك تونۇيدىغان ئادەم ئىكەن، كۇمۇش تەڭگىنى قولىغا ئېلىپ قاراپ بېقىپلا، ئايالنىڭ يۈزىگە ئېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئايال كۇمۇش تەڭگىنى خەجلەپ بولالماي قالدى سېتىۋالالماپتۇ. كۇمۇش تەڭگە ئىگىسىنى ئوسال قىلىپ قويىدىغان تەڭگىگە ئايلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بەك ئازابلىنىپتۇ. ئۇ: «مەن يۇرتۇمدىكى چاغدا بەك خۇشال ئىدىم، ئۆزۈمگە بەك ئىشىنەتتىم، كىشىلەرمۇ ماڭا، مېنىڭ قىممىتىمگە بەك ئىشىنەتتى. ئەمدىلىكتە قالغان كۇنۇم مۇشۇمۇ؟ !...» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

ئايال ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، كۇمۇش تەڭگىگە يەنىلا سىلىق، دوستانە مۇئامىلە قىپتۇ.

ــ ئەمدى خەقنى سېنىڭ بىلەن ئالدايدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن ! ؟ ــ دەپتۇ ئۇ، ــ مەن سېنىڭدىن تۆشۈك ئېچىپ، ساختا پۇل ئىكەنلىكىڭنى ھەممە كىشىگە بىلدۈرۈپ قويىمەن... لېكىن، بىر ئويلىسام، سەن كىشىگە تەلەي ئېلىپ كېلىدىغان تەڭگىدەكمۇ قىلىسەن. بولمىسا مۇنداق قىلايچۇ: تۆشۈك ئېچىپ يىپ ئۆتكۈزەي ـ دە، سېنى تۇمار قىلىپ ئوغلۇمنىڭ بوينىغا ئېسىپ قوياي.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كۇمۇش تەڭگىدىن تۆشۈك ئېچىپتۇ. ئۇ تۆشۈكنى تېشىپ بولغۇچە، كۇمۇش تەڭگە

ئاغرىق ئازابىنى خېلى تارتىۋاپتۇ،ئەمما: «ئۇ بۇ ئىشنى ياخشى نىيەت بىلەن قىلىۋاتقاندىكىن، مەن چىدىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى ئايال كۈمۈش تەڭگىنى ئوغلىنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. بالا تەڭگىنى پات ـ پات سىلاپ قويىدىكەن، يەنە تېخى سۆيۈپمۇ قويىدىكەن.

بىر كۈنى ھېلىقى ئايال كۈمۈش تەڭگىنى ئوغلىنىڭ بويىنىدىن ئېلىپ، ئويلانغىنىچە خېلى ئۇزاقىچە زەن سېلىپ قاراپ كېتىپتۇ، ئاندىن تەڭگىگە ئۆتكۈزۈلگەن يىپنى قايچا بىلەن كېسىۋېتىپتۇ.

ــ بىزگە تەلەي ئېلىپ كېلىدىغان تەڭگە بولۇپ قالغايسەن، ئىلاھىم، ــ دەپتۇ ئۇ، ــ ئاۋۋال سېنى بىر كۆرۈپ باقاي!

ئۇ تەڭگىنى ئاچچىقسۇغا سالغانىكەن، كۆكىرىپ كېتىپتۇ. ئارقىدىن، ئايال تەڭگىنىڭ تۆشۈكىنى ئېتىپتۇ ۋە ئېرىتىپ ـ سۈرتۈپ پارقىرىتىپتۇ ـ دە، قاراڭغۇ چۈشكەندە لاتارى سېتىۋالغىلى بېرىپتۇ. بۇ چاغدا كۈمۈش تەڭگىمۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئايالغا ئامەت كەلتۈرۈشىنى تىلەپتۇ.

كۈمۈش تەڭگە كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ساختا پۇل دەپ پىرقىرىتىپ ئېتىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپتۇ، ئەمما لاتارى سېتىۋالىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكى، ساتقۇچىلارنىڭ ئالدىراشلىقىدا قىلچە چانماي غەللىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئايالنىڭ ئالغان لاتارىسىنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىش ـ ئېرىشەلمەسلىكى كۈمۈش تەڭگىگە نامەلۇم ئىكەن، ئەمما ئۇ ئەتىسى تەڭگىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئىلغىۋېتىلىدىغانلىقىنى، يەنە داۋاملىق

قولدىن - قولغا ئۆتۈپ كىشىلەرنى قارا باستۇرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىكەن. «مېنىڭ نېمە ئىلاجىم بار؟ — دەپتۇ ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — مەن پەزىلەتلىك بولغىنىم بىلەن، مېنى چۆنتىكىگە سالغانلار پەزىلەتسىز بولسا، مانا شۇنداق كۈنگە قالىدىغان، خەقلەرنىڭ ئىزا - ئاھانىتىدىن نېرى بولالمايدىغان گەپكەن !»

كۈمۈش تەڭگە شۇ تەرىقىدە توپتوغرا بىر يىل قولدىن - قولغا ئۆتۈپتۇ، ئىگىلىرى ئۇنىڭغا يامان كۆزى بىلەن قارايدىكەن، بەزىدە قارغاپ كېتىدىكەن. كىشىلەر ئىشەنمىگەندىكىن، بارا - بارا ئۇمۇ ئۆزىگە، ھەتتا ھېچنېمىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۈمۈش تەڭگە بىر ساياھەتچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ساياھەتچى بۇ تەڭگىدىن قىلچە گۇمان قىلماپتۇ، ئەمما نەرسە - كېرەك سېتىۋالماقچى بولغاندا، دۇكان خوجايىنى:

— بۇ ساختا پۇل ئىكەن ! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

— مەن ئۇنى خەقتىن راست پۇل دەپ ئالغانمەن ! — دەپتۇ ساياھەتچى ۋە تەڭگىنى ئىنچىكىلەپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ.

— بۇ قانداق ئىش؟ — دەپتۇ ئۇ، — بۇ دېگەن بىزنىڭ دۆلەتنىڭ پۇلىغۇ! يۇرتىمىزدا تازا ئۆتىدىغان تەڭگە بۇ. ساختا دەپ بىلىپ ئۇنىڭغا تۆشۈك ئېچىپ قويىغىنىنى قارىمامدىغان ! بولدى، مەن بۇ تەڭگىنى يۇرتۇمغا ئېلىپ كېتەي.

كۈمۈش تەڭگە خۇشاللىقىدا سەكرەپ - تاقلاپ

كەتكۈدەك بوپتۇ. شۇنداق بولمايچۇ، مانا ئەمدى ئۇنى راست پۇل دەيدىغان، يەنە كېلىپ يۇرتىغا ئېلىپ كېتىدىغان ئادەم چىقتى - دە. ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ كۈمۈش تەڭگىنى تونۇيالايدۇ، ئۇنىڭ سۈپەتلىك كۈمۈشتىن قۇيۇلغانلىقىنى پەرق ئېتەلەيدۇ.

ساياھەتچى باشقا تەڭگىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇنى نەپىس قەغەزگە ئوراپ يانچۇقىغا سىلىۋاپتۇ. ساياھەتچى يۇرتىغا بارغاندىن كېيىن، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرى جەم بولغاندا، ھېلىقى كۈمۈش تەڭگىنى چىقىرىپتۇ. ھەممەيلەن ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشۇپتۇ، تەڭگىنىڭ نەپىسلىكىنى ماختىشىپ كېتىپتۇ.

يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۈمۈش تەڭگە ھەممە ئازابنى ئۇنتۇپ، خۇشاللىق كەيپىنى سۈرۈپتۇ. چۈنكى، ئۇلار كۈمۈش تەڭگىنىڭ سۈپەتلىك كۈمۈشتىن قۇيۇلغانلىقىنى، ئۈستىدىكى تامغىنىڭمۇ راستلىقىنى بىر قاراپلا بىلىدىكەن، ھەرگىز ئۇنى ساختا پۇل دەپ قالمايدىكەن! «ئادەم چىدىملىق بولسىلا، ئادالەت ھامان بىر كۈنى يېتىپ كېلىدۇ!» كۈمۈش تەڭگە بۇ سۆزگە تېخىمۇ بەك ئىشىنىدىغان بوپتۇ.

# ئالتۇن قوزام

دۇمباقچى[①]نىڭ ئايالى چىركاۋغا بېرىپتۇ. ئۇ چىركاۋدا پەرىشتىلەرنىڭ رەسىم ۋە ھەيكەللىرى قويۇلغان يېڭى مېھرابنى كۆرۈپتۇ. رەڭلىك رەسىملەر ۋە نۇر ھالقىسى بار، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بالىلارنىڭ ھەممىسى بەك چىرايلىق ئىكەن. ئۇلارنىڭ چېچى خۇددى قۇياش نۇرىدەك يورۇق ھەم چىرايلىق ئىكەن. دۇمباقچىنىڭ ئايالى ئۆزىنىڭ بالىسىنىڭ ئاشۇ پەرىشتىلەردەك بولۇشىنى ئارزۇ قىپتۇ.

كېيىن، دۇمباقچى بالىلىق بوپتۇ، بالىسى راستتىنلا دۇمباقچىنىڭ ئايالى ئارزۇ قىلغاندەك پەرىشتىگە ئوخشاش بالا بوپتۇ. ئۇنىڭ چاچلىرى

---

① دۇمباقچى ــ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى كوچىلاردا دۇمباق چېلىپ پەرمانلارنى ئېلان قىلىشقا ياللىۋالغان ئادەم.

ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىكەن.

— مېنىڭ ئالتۇن قوزام، بايلىقىم، قۇياشىم! — دەپ ئانا ئوغلىنىڭ ئالتۇن رەڭ بۇجغۇر چاچلىرىغا سۆيۈپتۇ. دۇمباقچى خۇشاللىقىدا دۇمباق چېلىپ تەنتەنە قىپتۇ.

بالىغا «پېتېر» دېگەن ئىسىم قويۇلۇپتۇ، شەھەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى پېتېر دەپ چاقىرىدىغان، «دۇمباقچىنىڭ قىزىل چاچلىق ئوغلى» دەيدىغان بوپتۇ. لېكىن، پېتېرنىڭ ئانىسى قىزىل چاچلىرىغا سۆيگىنىچە، ئۇنى ئالتۇن قوزام، ئالتۇن چاچلىقىم دەيدىكەن.

دۇمباقچىنىڭ «قىزىل چاچلىق» ئوغلى ناھايىتى جانلىق بالا بوپتۇ. ئۇ ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىكەن،ئاۋازى خۇددى ئورمانلىقتىكى قۇشلارنىڭكىدەك چىرايلىق ئىكەن.

— ئۇ خور ئۆمىكىگە قاتناشسا بولغۇدەك! — دەپتۇ ئانىسى، — چېركاۋدا ئۆزىگە ئوخشاش چىرايلىق پەرىشتىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ناخشا ئېيتسا تازا ياخشى بولىدۇ!

بۇ شەھەردە يۇز - ئابرۇيلۇق بىر مۇزىكانت بار ئىكەن، ئۇ ئوردىدىكى چالغۇ باشقۇرغۇچىنىڭ ئوغلى ئىكەن. مۇزىكانت پېتېرگە ئامراق ئىكەن، ئۇنى ئۆيىگە چاقىرىپ تۇرىدىكەن، يەنە تېخى ئۇنىڭغا بىر ئىسكىرىپكا بېرىپتۇ ۋە چېلىشنى ئۆگىتىپتۇ. پېتېرنىڭ ئون بارمىقىمۇ گويا ساز چېلىش ئۈچۈنلا يارالغاندەك بولۇپ، مۇزىكانت ئۇنىڭ كەلگۈسىدە دۇمباقچىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شەھەر پەخىرلەنگۈدەك



مۇزىكانت بولۇپ چىقىشىغا ئىشىنىدىكەن.

— مەن ئەسكەر بولىمەن ! — دەپتۇ پىتىر بىر كۈنى. كىچىكلىكىدىن بولسا كېرەك، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل ئىش — مىلتىق كۆتۈرۈش، «بىر، ئىككى، بىر! بىر، ئىككى، بىر!» دەپ مېڭىش، ھەربىي فورما كىيىش، بېلىگە قىلىچ ئېسىش دەپ بىلىدىكەن.

— ئۇ شۇنداق قىلسۇن، — دەپتۇ دادىسى، — ئۇ پەيدىنپەي ئۆسۈپ گېنېرال بولۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇش بولمىسا بولمايدۇ - دە !

— ئۇرۇش بولمىغاي، ئىلاھىم ! — دەپتۇ ئاپىسى.

— بولسا بولمامدۇ، بىز بىرەر نېمىمىزدىن ئايرىلىپ قالاتتۇقمۇ؟

— نېمە دەۋاتقىنىڭ بۇ؟ ئوغلىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىنغۇ؟

— ياق، ئۇ گېنېرال بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ!

— پۇت - قولىدىن ئايرىلىپمۇ؟ — دەپتۇ ئانا، —

ياق، بولمايدۇ، مېنىڭ ئالتۇن قوزامنىڭ جىمى ئەزاسى ساق بولسۇن!

لېكىن، كۆنلەرنىڭ بىرىدە دۇمباقچىنىڭ دۇمبىقى «دۇم! دۇم! دۇم!» قىلىپ چېلىنىپتۇ، شەھەردىكى بارلىق دۇمباقلار ياڭراپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئۇرۇش باشلانغانىكەن. ئەسكەرلەر ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپتۇ، دۇمباقچىنىڭ ئوغلىمۇ ئۇلار بىللە يولغا چىقىپتۇ. «ئالتۇن چاچلىقىم! ئالتۇن قوزام!» دەپ يىغلاپتۇ ئانا. دادىسى: «ئوغلۇم نام چىقىرىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپتۇ. ھېلىقى مۇزىكانت بولسا، پېتېر ئۇرۇشقا بارماسلىقى، ئۆيدە قېلىپ مۇزىكا ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى، دەپ ئويلاپتۇ.

* * *

پېتېر ھەمراھلىرى بىلەن چىقىشىپ قاپتۇ. ئەسكەرلەر ئۇنى «قىزىل چاچ» دەپ چاقىرىدىكەن، بۇنداق چاغدا پېتېر كۈلۈپ كېتىدىكەن. «ھەي، تۈلكە تېرىسى!» دەپ چاقىرىپ ئۇنىڭ چىشىغا تېگىدىغانلارمۇ بار ئىكەن، بۇنداق چاغلاردا، ئۇ لېۋىنى چىشلەپ باشقا ياققا قارىۋالىدىكەن.

ئۇ بەك چەبدەس، باتۇر، ئۈمىدۋار ئىكەن، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى «ياخشى ئەسكەر» دەپ تەرىپلىشىدىكەن.

پېتېر نۇرغۇن – نۇرغۇن كېچىلەرنى يامغۇرغا چىلىنىپ ئۆتكۈزۈپتۇ، لېكىن بۇ ھال ئۇنىڭ كەيپىنى بۇزالماپتۇ. ئۇ دۇمبىقىنى چېلىپ: «ھەممىڭلار



ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار!» دەپ توۋلايدىكەن.

ئۇرۇش بولۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تېخى قۇياش كۆتۈرۈلمەيلا شىددەتلىك جەڭ باشلىنىپ كېتىپتۇ. ھاۋا سوغۇق، ئەتراپنى قويۇق تۇمان باسقان، پوروخ ھىدى تۇماندىنمۇ قويۇق ئىكەن. مىلتىق ئوقلىرى، توپ ئوقلىرى غۇيۇلداپ ئۇچۇپ تۇرىدىكەن. لېكىن، ئەسكەرلەر يەنىلا توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوق تەگكەنلىكتىن قانغا بويالغان، چىرايى تاتارغان ھالدا يەرگە يىقىلىپتۇ. كىچىك دۇمباقچى ئۆزىنى روھلۇق تۇتۇپتۇ.

«ئالغا، ئالغا، داۋاملىق ئالغا!» دۇمباقچىنىڭ دۇمبىقىدىن مۇشۇ بۇيرۇق ياڭراپ تۇرىدىكەن، يەنە كېلىپ بۇ بۇيرۇقنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىكەن، ئەسكەرلەرنىڭمۇ بۇنىڭغا بويسۇنۇشى كېرەك ئىكەن. «قىزىل چاچ» دۇمباقنى شۇنداق ياخشى چالىدىكەنكى، دۇمباق ساداسى ئەسكەرلەرنىڭ غەلىبە قازىنىش ئىشەنچىنى ئۇرغۇتىدىكەن.

بۇ جەڭدە بەزىلەر ھاياتىدىن، بەزىلەر پۇت ـ قوللىرىدىن ئايرىلىپتۇ. يارىلانغان ئەسكەرلەر قانغا بويالغان تېنىنى سۆرەپ قۇرۇق ئوت دۆۋىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئازراق بولسىمۇ ئارام ئېلىۋېلىش خىيالىدا بوپتۇ. بىراق، توپ ئوقلىرى ئوت دۆۋىسىنى يانغىنغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى جېنىدىن جۇدا قىپتۇ.

شۇ كۈنلەردە، ئۇرۇشتىن يىراق تۇرۇۋاتقان شەھەردىكى دۇمباقچى بىلەن ئۇنىڭ ئائىلە تۇزۇكرەك ئۇخلىيالمايدىغان، ئۇخلىسىلا چۈش كۆرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. دۇمباقچى چۈشىدە ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ



ئەسكەرلەرنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ئوغلى پېتىرنىڭ مەيدىسىگە كۈمۈش كرېست مېدال تاقىۋالغانلىقىنى كۆرىدىكەن. لېكىن، دۇمباقچىنىڭ ئايالى چۈشىدە ئۆزىنىڭ چېركاۋغا كىرگەنلىكىنى، سۆيۈملۈك ئوغلى، ئالتۇن قوزىسىنىڭ ئاق كىيىم كىيىپ مېھرابتىكى پەرىشتىلەر ئارىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرىدىكەن. ئوغلى پەرىشتىلەر بىلەن بىللە ئاجايىپ چىرايلىق ناخشىلارنى، پەرىشتىلەرلا ئېيتالايدىغان ناخشىلارنى ئېيتىدىكەن، يەنە تېخى پەرىشتىلەر بىلەن بىللە قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگىنىچە، ئانىسىغا ئىللىق بېقىپ باش لىڭشىتىدىكەن.

«ئالتۇن قوزام ! — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ ئانا ۋە چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ، — پەرۋەردىگار ئۇنى ئېلىپ كېتىپتۇ - دە !»

ئۇ ئىككى قولىنى جۈپلىگىنىچە، بېشىنى يوتقانغا تىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. «ئۇ ھازىر قەيەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەندۇ؟ نۇرغۇن ئۆلۈكلەر تاشلانغان چوڭ ئازگالدىمىدۇ؟ بەلكىم سازلىقنىڭ تېگىدە يېتىۋاتقاندۇ؟ ئۇنىڭ قەبرىسىنى بىلىدىغان ھېچكىم يوقتۇ!...»

ئانا دەم يىغلاپ، دەم ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ شىۋىرلاپ، ئاخىر ھالسىزلىنىپ يەنە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

دۇمباقچى ۋە ئايالى شۇ تەرىقىدە خېلى كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلاشقانلىق خەۋىرى ھەممە يەرگە تارقاپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پېتىر قايتىپ كەپتۇ، ئۇ قارىداپ ياۋايى ئادەمگىلا ئوخشاپ قالغانىكەن، ئەمما كۆزلىرى ئىنتايىن نۇرلۇق بولۇپ، چىرايى قۇياشتەك پارلاپ

تۇرىدىكەن. ئانا ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىگە، قىزىل چاچلىرىغا سۆيۈپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ يېنىدا يەنە ئوغلى بار بوپتۇ. پېتېر دادىسىنىڭ چۈشىدىكىدەك مەيدىسىگە كۈمۈش كرېست مېدال تاقاپ كەلمەپتۇ، ئەمما ئانىسىنىڭ چۈشىدىكىدەك ئۇنىڭ تۆت ئەزاسى ساق ئىكەن. پۈتۈن ئائىلە خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ، ئۇلار بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ يىغلىشىپتۇ، كۈلۈشۈپتۇ.

*　　*　　*

— پېتېر دۇمبىقىدىنمۇ قالتىس بولۇپ كەتتى! — دەپتۇ مۇزىكانت، — ئۇ مېنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ بولۇپ كەتتى!

دېمىسىمۇ، ئۇ بىر ئۆمۈر ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى پېتېر يېرىم يىلدىلا ئۆگىنىپ بوپتۇ. ئۇ ئىسكرىپكىنى قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان، شۇ چاغقىچە ھېچكىم ئىجاد قىلىپ باقمىغان گۈزەل كۈيلەرگە چالىدىكەن. ئۇنىڭ داڭقى شەھەر باشلىقىنىڭ قىزى روتېر خانقىزنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ پېتېرنى ئۆزىگە تەكلىپ قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، پېتېر شەھەر باشلىقىنىڭكىگە پات ـ پات كېلىپ، روتېر خانقىزنىڭ رويالىغا ئىسكرىپكىسىنى تەڭكەش قىلىدىغان بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ قەلبىدە بىر ئوت يالقۇنجاشقا باشلاپتۇ. بىر كۈنى پېتېر روتېر خانقىزنىڭ رويال ئۈستىدە چاققانلىق بىلەن ئوينايدىغان چىرايلىق بارماقلىرىغا ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ كېتىپ، بىردىنلا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپتۇ، ئوتلۇق لەۋلىرىنى

قولىنىڭ دۇمبىسىگە بېسىپ، ئاندىن ئۇنىڭ قوڭۇر رەڭ كۆزلىرىگە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قاراپتۇ. روتېر خانقىز بىراقلا بوينىغىچە قىزىرىپ كېتىپتۇ، ئەمما بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ. دەل شۇ چاغدا، شتاب ئوفىتسېرىنىڭ ئوغلى كىرىپ قاپتۇ. ئۇ ئېگىز بويلۇق، پېشانىسى كەڭ يىگىت بولۇپ، قاتتىق غادىيىۋالغانىكەن. پىتېر ئۇلار بىلەن بىللە ئۇزاق ئولتۇرۇپتۇ، روتېر خانقىز ئۇنىڭغا ئىللىق بېقىپتۇ.

ئەتىسى، بازارغا بېرىپ كەلگەن دۇمباقچىنىڭ ئايالى ئىشىكتىن سۆزلىگىنىچە كىرىپ كەپتۇ:

— پىتېر، ئاڭلىدىڭمۇ؟ خۇش خەۋەر! شەھەر باشلىقىنىڭ قىزى بىلەن شتاب ئوفىتسېرىنىڭ ئوغلى توي قىلىشقا پۈتۈشۈپتۇ. بۇ تۈنۈگۈن كەچ بولغان ئىش ئىكەن !

— بۇ مۇمكىن ئەمەس ! — پىتېر شۇنداق دېگىنىچە ئورۇندۇقتىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئاپىسى بۇنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ بۇ گەپنى ساتىراشنىڭ ئايالىدىن ئاڭلىغان، ساتىراش شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغانىكەن.

چىرايى بىردىنلا سارغىيىپ كەتكەن پىتېر لاسىدە ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

— ۋاي خۇدايىم، نېمە بولدۇڭ، ئالتۇن قوزام؟ — دەپ سوراپتۇ ئانا ۋەھىمىگە چۈشۈپ.

— ھېچ ئىش يوق، ئاپا، مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن ! — دەپتۇ پىتېر، ئەمما كۆز ياشلىرى تاراملاپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ.

— جېنىم بالام ! ئالتۇن قوزام ! — دەپتۇ ئانا ۋە

ئۇمۇ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

* * *

پىتېر ئىسكىرپىكىسىنى كۆتۈرۈپ سەپەرگە ئاتلانماقچى بوپتۇ. ئوغلىدىن ئايرىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئازابىنى چۈشەنگەن دۇمباقچى ۋە ئۇنىڭ ئايالى: «بەلكىم مۇشۇ سەپەر ئۇنى قايغۇ ـ ھەسرەتتىن خالاس قىلار» دېيىشىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۇمباقچى تۇگەپ كېتىپتۇ. پايتەختتە تۇرۇۋاتقان پىتېر ئانىسىغا پات ـ پات خەت ۋە پۇل ئەۋەتىپ تۇرۇپتۇ. تەنھا قالغان ئانا ئوغلىنىڭ خەۋىرىنى گېزىتتىنمۇ ئوقۇپ تۇرۇپتۇ.

— پىتېر پەرۋەردىگارغا ۋە پادىشاھقا ئىسكىرىپكا چېلىپ بېرىۋاتىدۇ! — دەپتۇ مۇزىكانت، — ماڭا ئۇنداق ياخشى تەلەي كېلىپ باقمىغان، بىراق پىتېر مېنىڭ ئوقۇغۇچىم، ئۇ ھەرگىز ئۇستازىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

پىتېرنىڭ ئانىسى قوشنىلىرىغا:

— رەھمەتلىك دادىسى چۈشىدە پىتېرنى مەيدىسىگە كرېست مېدالىنى تاقىغان ھالدا ئورۇشتىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىدىغان. لېكىن، پىتېر ئۇرۇشتا بۇنداق مېدالغا ئېرىشەلمىدى، ئەمما ھازىر ئۇنىڭ رىتسارلىق مېدالى بار، دادىسى مۇشۇ كۈننى كۆرگەن بولسا ئوبدان بولاتتى ـ ھە! — دەيدىكەن.

— پادىشاھقا ئىسكىرىپكا چېلىپ بېرىشتىن

بۇرۇن، بىزگە چېلىپ بېرەتتى، — دەيدىكەن شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالى، — ئۇ چاغلاردا پېتېرنىڭ روتېرغا بەك مەيلى بار ئىدى! ئۇ بەك غايىلىك يىگىت ئىدى.

— ئۇ بەك ئوماق يىگىت! — دەيدىكەن قىزلار، مومايلارمۇ شۇنداق دەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پېتېر دۇمباقچىنىڭ نامرات كۆلبىسىگە كىرىپ كەپتۇ. شۇ تاپتا ئۇ شاھزادىگىلا ئوخشاپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىنتايىن نۇرلۇق، چىرايى قۇياشتەك پارلاپ تۇرىدىكەن. ئۇ ئانىسىنى چىڭ قۇچاقلاپتۇ. ئانا ئۇنى سۆيۈپتۇ، بەخت ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. پېتېر ئۆيدىكى ھەربىر كونا ئائىلە جابدۇقىغا، ئىستاكان ۋە ۋازىلار سېلىپ قويۇلىدىغان ئىشكاپقا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ. ئۇ يەنە كىچىك چېغىدا ئۇخلايدىغان ئۇزۇن ئورۇندۇققا قاراپمۇ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ، ئاندىن كېيىن دادىسىنىڭ كونا دۇمبىقىنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، ئاپىسىغا:

— دادام ھايات بولغان بولسا، شۇ تاپتا دۇمباقنى تازا چالغان بولاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىدا مەن چېلىۋېتەي! — دەپتۇ - دە، زوق - شوق بىلەن چېلىشقا باشلاپتۇ. دۇمباقمۇ ئۇنىڭ چالغىنىدىن چەكسىز خۇشاللىققا چۆمگەندەك كۈچلۈك سادا چىقىرىپتۇ. سۆيۈملۈك ئالتۇن قوزىسىنىڭ، ئالتۇن چاچلىق ئوغلىنىڭ كېلىشكەن تۇرقىغا تويماي قاراۋاتقان ئانىنىڭ قورۇق باسقان يۈزىدە بەخت ۋە شادلىق كۈلكىسى جىلۋە قىپتۇ.

# يېشىل رەڭلىك كىچىك نەرسە

دېرىزە تەكچىسىدە بىر تۇپ ئەتىرگۈل بار ئىكەن، تېخى يېقىندىلا ئۇنىڭ گۈللىرى شۇنداق چىرايلىق ئېچىلىپ تۇرغانىكەن. ئەمدىلىكتە ئۇ ئاغرىپ قاپتۇ، قارىماققا قانداقتۇر بىر نەرسە تەرىپىدىن قىينىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىكەن.

ئەسلىدە بىر توپ چاقىرىلمىغان مېھمانلار كېلىپ، ئۇنى يېيىشكە باشلىغانىكەن. ئۇلار يېشىل كىيىملىك، سالاپەتلىك مېھمانلار ئىكەن.

مەن بۇ مېھمانلارنىڭ بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ ئاران ئۈچ كۈنلۈك بولغىنى بىلەن، ئاللىقاچان قېرىغا ئايلىنىپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ نېمىلەرنى سۆزلەپ بەرگىنىنى بىلگۈڭىز بارمۇ؟ ئۇ ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ جەمەتى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى،

دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى راست.

«دۇنيادىكى جانلىقلار ئىچىدە بىز ئەڭ ئۆزگىچە جەمەت. ئىللىق پەسىلدە بىز ئەمدىلا تۇغۇلغاندا سەكرەپ - تاقلاپ يۈرىدىغان باللار بولۇپ قالىمىز. ئۇ چاغدا ھاۋا ياخشى بولىدۇ، بىز دەرھال توي قىلىشقا پۈتۈشىمىز، ئاندىن كېيىن ھاپىلا - شاپىلا توي قىلىمىز. سوغۇق پەسىل يېتىپ كەلگەندە، بىز تۇخۇملايمىز. كىچىك نەرسىلەر ئىللىق جايدا ئۇخلايدۇ. ئەڭ ئەقىللىق، بىز ئەڭ ھۆرمەت قىلىدىغان ھايۋان — چۈمۈلە. ئۇلار بىزنى تەتقىق قىلىدۇ، دەڭسەپ كۆرىدۇ، بىزنى دەرھاللا يەۋەتمەيدۇ. ئۇلار تۇخۇملىرىمىزنى ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىغا يۆتكەپ كېتىدۇ، ئاندىن بىزگە نومۇر قويۇپ، نومۇر بويىچە رەت - رەت، قات - قات قىلىپ تىزىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھەر كۈنى بىر كىچىك نەرسە تۇخۇمدىن چىقىدۇ. ئاندىن كېيىن، چۈمۈلىلەر بىزنى ‹ئېغىل›غا سولاپ، ئارقا پۇتىمىزدىن قىسىپ سۈتىمىزنى ساغىدۇ، ئۇلار بۇ ئىشنى بىز ئۆلۈپ قالغۇچە داۋاملاشتۇرىدۇ. بىراق، بۇ بىز ئۈچۈن بەك راھەت! چۈمۈلىلەر بىزگە ‹تاتلىق سۈتلۈك كىچىك ئىنەك› دېگەن چىرايلىق ئىسىمنى قويۇپ قويىدى. چۈمۈلىنىڭكىدەك ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بارلىق ھايۋانلار بىزنى شۇنداق دەپ ئاتايدۇ، پەقەت ئىنسانلارلا بۇنىڭ سىرتىدا. ئىنسانلار بىزنىڭ يۈزىمىزنى قىلمايدۇ، ئۇلار بىزگە نەپرەت بىلەن قارايدۇ، چۈنكى بىز ئەتىرگۈلنىڭ بەرگىنى يەيمىز. ئۇلارنىڭ ئۆزى بارلىق جانلىقلارنى، ئۆسىدىغان بارلىق يېشىل رەڭلىك نەرسىلەرنى يەيدىغان تۇرۇقلۇق، بىزگە كۆڭۈلنى ئەڭ



ئىلەشتۈرىدىغان ئىسمىنى قويۇپ قويىدى. شۇنى ئويلىسام، قوسۇۋەتكۇم كېلىپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىسمنى سىزگە دەپ يۇرمەي.

مەن ئەتىرگۈلنىڭ يوپۇرمىقى ئۈستىگە تۇغۇلىمەن، مەن ۋە مېنىڭ جەمەتىم ئەتىرگۈلگە تايىنىپ ياشايمىز، ئەتىرگۈلنىڭ يوپۇرمىقى بىزنىڭ تېنىمىزدە ياشايدۇ، بىز تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدىكى بىر خىل جانلىق. ئىنسانلار بىزنى ئۇچراتسىلا تاقەت قىلىپ تۇرالماي قالىدۇ. ئۇلار سوپۇن سۈيى بىلەن بىزنى ئۆلتۈرىدۇ، بۇ ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىچىملىك! مەن ئۇنىڭ ھىدىنى يىراقتىنلا پۇرىۋالالايمەن. يۇيۇنۇشقا بولمايدىغان بىر نەرسە ئۈچۈن ئېيتقاندا، يۇيۇلۇش ھەقىقەتەن بەك قورقۇنچلۇق بولىدىكەن.

بۇ ئىنسانلارزە، بىزگە سوپۇن سۈيىدەك يامان كۆزدە قارايدۇ، ئۇلار بىزنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورنىمىزنى، بىزنىڭ سۈت ئىشلەپ چىقىرالايدىغانلىقىمىزنى، تۇخۇم تۇغالايدىغان نەپس ئەزايىمىزنى ئويلاپ قويسا بولاتتى. بىز ئەتىرگۈلنىڭ ئىچىدە تۇغۇلىمىز، ئەتىرگۈلنىڭ ئىچىدە ئۆلىمىز. بىزنىڭ ھاياتىمىز ئۆزى بىر شېئىر. ئىنسانلار ئەسلىدە بىزنى چۈمۈلىلەرنىڭ ئىنىكى، ئەتىرگۈل-نىڭ قوشۇنى، يېشىل رەڭلىك كىچىك نەرسە دەپ ئاتىسا بولاتتى.»

ئىنسان بولۇش سۆيىتىم بىلەن، تەكچە تۇۋىدە تۇرۇپ ھېلىقى ئەتىرگۈلگە ۋە يېشىل رەڭلىك كىچىك نەرسىلەرگە قارىدىم. مەن ئەتىرگۈلدە تۇرىدىغان يېشىل رەڭلىك كىچىك نەرسىلەرنىڭ چىشىغا تەگمەسلىك ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى دەپ يۇرمەي. ئۇلار بىر چوڭ



ئائىلە، تۇخۇمى بار، بالىلىرىمۇ بار جەمەت. ئەسلىدە مەن يامان نىيەت بىلەن ماغزاپ ئالغاچ كەلگەنىدىم. ئەمدى بۇ ماغزاپنى پۇۋلەپ ئويناي، ئاندىن رەڭگارەڭ ماغزاپ كۆپۈكچىلىرىگە قاراپ باقاي، كىم بىلىدۇ، ھەربىر كۆپۈكنىڭ ئىچىدە بىردىن چۆچەك چىقىپ قالامدۇ تېخى!

رەڭگارەڭ ماغزاپ كۆپۈكلىرى ناھايىتى يوغىنىدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىچىدە بىر تال كۈمۈش رەڭلىك مەرۋايىت باردەك قىلاتتى. كۆپۈكلەر ئۇچۇشقا، ئىشىككە قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى، لېكىن «پاق» قىلىپ يېرىلىپ كەتتى. لېكىن، ئىشىك بىردىنلا ئېچىلىپ، چۆچەك ئانا پەيدا بولدى.

— ياخشى بولدى! چۆچەك ئانا كەلدى، يېشىل رەڭلىك نەرسىنىڭ ئىسمىنى مەن دەپ يۈرمەي، چۆچەك ئانىمىز دەپ بەرسۇن! ئۇ مېنىڭدىنمۇ ياخشى سۆزلەپ بېرەلەيدۇ!

— كۆكپىت! — دېدى چۆچەك ئانا، — ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىسمىنى توغرا ئاتاش كېرەك. ئەگەر ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئاتاشقا پېتىنالمىسىڭىز، چۆچەكتە ئاتىسىڭىز بولىۋېرىدۇ!

# دەرۋازىۋەننىڭ ئوغلى

گېنېرالنىڭ ئائىلىسى بىرىنچى قەۋەتتە، دەرۋازىۋەننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر يەر ئاستى ئۆيدە ئولتۇرىدىكەن. ئىككى ئائىلە ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدىكەن، بىراق بىر ئۆگزىنىڭ ئاستىدا ياشايدىكەن، بىر دەرۋازىدىن چىقىدىكەن، بىر كوچىدا ماڭىدىكەن. قورۇدىكى چىملىقتا بىر توپ ئاكاتسىيە دەرىخى بار ئىكەن، چېچەك پەسلىدە ئاكاتسىيە غۇچچىدە چېچەكلەپ كېتىدىكەن. دەرەخ تۈۋىدىكى ئورۇندۇقتا چىرايلىق كىيىنگەن بالا باققۇچى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق كىيىنگەن ئامىلىيە ئولتۇرىدىكەن. ئامىلىيە گېنېرالنىڭ قىزى ئىكەن. ئۇلاردىن نېرىراقتا دەرۋازىۋەننىڭ قوڭۇر كۆزلۈك، قارا چاچلىق ئوغلى سەكرەپ - تاقلاپ ئويناپ يۈرىدىكەن. ئامىلىيە ئۇنى

كۆرگەندە قولىلىرىنى سوزغىنىچە كۈلۈپ كېتىدىكەن. دېرىزە قېشىدا تۇرغان گېنېرال بۇ ھالنى كۆرگەندە، بېشىنى لىڭشىتقىنىچە: «قالتىس !» دەپ قويىدىكەن. گېنېرالنىڭ خانىمى بەك ياش ئىكەن، يېنىدا تۇرسا ئۇنىڭ قىزىدەكلا كۆرۈنىدىكەن. خانىم دېرىزىدىن سىرتقا قارىمايدىكەن، بىراق بالا باققۇچىغا: «يەر ئاستى ئۆيدىكىلەرنىڭ بالىسى قىزىمنىڭ ئالدىدا ئويناسا ئويناۋەرسۇن، ئەمما ئۇنىڭغا يېقىنلاشقۇچى بولمىسۇن» دېگەنىكەن. بالا باققۇچى ئازراقمۇ بىخەستەلىك قىلماي خانىمنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىدىكەن.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، دەرۋازىۋەننىڭ ئوغلى جورجى كېلىشكەن يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. ئامىلىيەمۇ خۇددى ئاكاتسىيە چېچىكىنىڭ قىزغۇچ بەرگىدەك چىرايلىق قىز بولۇپتۇ. ئەمدى ئۇ ئاكاتسىيىنىڭ تۈۋىگە ئاز كېلىدىغان، مەيىگە ئولتۇرۇپ دالىنىڭ ساپ ھاۋاسىنىڭ ھوزۇرىنى سۈرىدىغان بوپتۇ. ئۇ ئاپىسى بىلەن مەيگە چىقىدىغان چاغدا، جورجىغا بېشىنى لىڭشىتىدىكەن، يەنە تېخى لېۋىگە بارمىقىنى تەگكۈزۈپ تاتلىق ئىشارە قىلىپ قويىدىكەن. بۇ ھال تاكى ئاپىسى ئۇنىڭغا: «قىزىم، چوڭ بولۇپ قالدىڭ، بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ» دېگۈچە داۋاملىشىپتۇ.

بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جورجى خەت ـ چەك ۋە گېزىتلەرنى گېنېرالنىڭكىگە ئەكىرىپ بەرمەكچى بولۇپ پەلەمپەيگە چىقىشىغا، ئۆيدىن چۇۋۇرلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. دەسلەپتە جورجى قۇشلار سايراۋېتىپتۇ دەپ قاپتۇ، لېكىن چۇۋۇرلاۋاتقىنى ئەسلىدە ئامىلىيە ئىكەن.

—— دادام ـ ئاپاملارغا دېمە، ئۇلار خاپا بولىدۇ! ——

دەپتۇ ئاملىيە جورجىنى كۆرۈپ.

— نېمە ئىش بولدى، خانقىز؟ — دەپ سوراپتۇ جورجى.

— كۆيۈپ كەتتى! ئوتتا ھەممىسى كۆيۈپ كەتتى!

جورجى ئاملىيەنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپتۇ. قارىسا، دېرىزە پەردىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك كۆيۈپ كەتكەن، دېرىزە گەرنىزىمۇ كۆيۈپ بولاي دەپ قالغانىكەن. جورجى ئېتىلىپ بېرىپ گەرنىزنى تارتىپ چۈشۈرۈپتۇ ۋە توۋلاپ ئادەم چاقىرىپتۇ. ئەگەر جورجى بولمىغان بولسا، ئوت تېخىمۇ ئۇلغىيىپ پۈتۈن بىنانى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋېتەتتىكەن.

گېنېرال ۋە خانىمى ئاملىيەدىن ئەھۋالنى سۈرۈشتە قىپتۇ.

— بىر تال سەرەڭگىنى ياقماقچى ئىدىم، — دەپتۇ ئاملىيە، — شۇ ھامان پەردىگە ئوت تۇتىشىپ كەتتى. مەن ئوتنى ئۆچۈرمەكچى بولۇپ شۇنچە تىرىشىپ باقتىم، ئەمما تۈگىمىدى ۋە يەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن، قېچىپ چىقتىم، يەنە سىلەرنى خاپا بولىدۇ دەپ، پەلەمپەيىنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالدىم.

— تۆكۈرۈش؟ — دەپتۇ گېنېرال، — بۇ قانداق گەپ بولدى ئەمدى؟ سەن قاچان ئاتا - ئانائىڭنىڭ «تۆكۈرۈش» دېگەن گەپنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان؟ سەن بۇ گەپنى يەر ئاستى ئۆيدىكىلەردىن ئۆگىنىپسەن - دە!

ھەرھالدا، جورجى بۇ ئىش تۈپەيلى تۆت پىنسلىق مىس تەڭگىگە ئېرىشىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ پۇلغا بولكا ئېلىپ يېمەپتۇ، بەلكى پۇل قۇتىسىغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، پۇل قۇتىسىغا بىر قۇتا بوياق سېتىۋالغۇدەك



پۇل يىغىلىپتۇ. ئۇ قېرىنداش قەلەم بىلەن نۇرغۇن رەسىم سىزغانىكەن، ئەمدى ئۇ رەسىملىرىگە رەڭ بېرەلەيدىغان بوپتۇ. ئۇ ئەڭ دەسلەپتە رەڭ بەرگەن بىرقانچە پارچە رەسىمنى ئائىلىيەگە سوۋغا قىپتۇ.

— قالتىس سىزىپتۇ! — دەپتۇ گېنېرال جورجىنىڭ ئاپىسىغا.

بۇ شاكىچىككە قايىل بولغان خانىمۇ:

— ئۇنىڭدا تالانت بار ئىكەن ! — دەپتۇ.

گېنېرال ياشنىپ قالغان بولسىمۇ، ئات مىنىشقا كەلگەندە خېلى چەبدەس ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ئېتىنى مىنىپ سىرتنى ئايلىنىپ كېلىدىكەن، ئات باقار مۇۋاپىق ئارىلىق ساقلاپ ئۇنىڭغا ئەگىشىدىكەن. سورۇنلارغا بارغاندا، گېنېرال قاۋۇل، بەستلىك ئېتىنىڭ ئۈستىدە تىككىدە ئولتۇرىدىكەن. ئۇنىڭ مېداللىرى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز كۆپ ئىكەن، لېكىن ئۇ ئۆمرىدە رەسمىي ئۇرۇشقا قاتنىشىپ باقمىغانىكەن. بۇ دۆلەتكە ئۇرۇش ئوتى يېقىنلاشقاندا، ئۇ دىپلوماتىيە ساھەسىگە قەدەم تاشلىغان، ئىلگىرى - كېيىن ئۈچ دۆلەتكە بارغانىكەن. گېنېرال فرانسۇزچە سۆزلەشنى بىلىدىكەن، ئۆز دۆلىتىنىڭ تىلىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇنتۇپ كەتكەنىكەن. ئۇ تانسىنى بەك چىرايلىق ئوينايدىكەن، ئات مىنىشقىمۇ ماھىر ئىكەن. شۇڭلاشقىمىكىن، ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى مېداللار كۆپىيىپ، ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىگە يېتىپ بارغانىكەن. بىر قېتىم بىر ساھىبجامال قىز ئۇنىڭغا تەزىم قىپتۇ، كېيىن بۇ قىز ئۇنىڭ خانىمى بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار بىر باللىق بوپتۇ. بۇ بالا ئوماق، چىرايلىق قىزچاق ئامىلىيە ئىكەن.

«مېنىڭ پەرىشتەم! سەن بۇ دۇنياغا شاھزادىلەر ئۈچۈنلا يارالغان!» گېنېرالنىڭ خانىمى قىزىغا دائىم شۇنداق دەيدىكەن.

دەرۋازىۋەننىڭ ئايالىنىڭ ئېيتىشىچە، بىر قېتىم جورجى ئۆزى يەۋاتقان قارا بولكىنى ئوشتۇپ ئامىلىيە خانقىزغا بەرگەنىكەن، گەرچە بولكىغا سېرىقماي سۈركەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇ خۇددى كاۋاپ يېگەندەك مەززە قىلىپ يېگەنىكەن. ھېلىمۇ ياخشى، بۇ ئىشنى

گېنېرال ۋە ئۇنىڭ خانىمى ئۇقۇپ قالماپتۇ، بولمىسا ئۇلارنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىۋېتەتتىكەن.

جورجى ئامىلىيە خۇش بولىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭغا بولىكىسىنىلا ئەمەس، ھەتتا يۈرىكىنىمۇ بېرىشكە رازى ئىكەن. ئۇ ئاق كۆڭۈل، ئەقىللىق، زېرەك بالا ئىكەن. شۇ كۈنلەردە ئۇ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ كەچلىك مەكتىپىدە ئوقۇپ، رەسساملىقنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىۋاتقانىكەن. ئامىلىيەمۇ تىرىشچان بولۇپ، بالا باققۇچىدىن فرانسۇزچە سۆزلەشنى ئۆگىنىۋاتقان، يەنە تېخى تانسا ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلغانىكەن.

— پاسخا بايرىمىمۇ كېلىپ قالدى، جورجى چوقۇنۇش مۇراسىمىغا قاتنىششى كېرەك! — دەپتۇ جورجىنىڭ ئانىسى.

— ئوغلىمىز بىرەر ھۈنەر ئۆگەنسە بولاتتى! — دەپتۇ جورجىنىڭ دادىسى، — ياخشىراق ھۈنەرنى ئۆگىنىۋالسا، مۇستەقىل ياشايدىغان بولاتتى.

— لېكىن، كەچتە يەنە ئۆيگە قايتىپ كېلىشى كېرەك، — دەپتۇ ئانىسى، — ھازىر شاگىرتىغا ياتاق بېرىدىغان ئۇستىنى تاپماق تەس. شاگىرتلىققا بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكىنى يەنىلا بىز قىلىپ بېرىشىمىز، يەيدىغىنىنىمۇ ھازىرلاپ بېرىشىمىز كېرەك. ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئۇنىڭ يەيدىغىنى تايىنلىق، بىر - ئىككى تال پىششىق ياڭيۇ بولسىلا يېتىدۇ. يەنە كېلىپ، مەكتەپ ھەقسىز ئوقۇتۇۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ مەيلىگە قويۇپ بېرەيلى.

چوقۇنۇش مۇراسىمى كىيىمىنى جورجىنىڭ ئانىسى



تىكىپتۇ، ئەمما كىيىمنى بىر تىككۈچى كېسىپ بېرىپتۇ.

مۇراسىم كۈنى جورجىنىڭ دىنىي ئاتىسى ئۇنىڭغا بىر مىس سائەتنى سوۋغا قىپتۇ. بۇ سائەت كۆپ يىل ئىشلىتىلگەنىكەن، تېز ماڭىدىكەن، ھەرھالدا بۇ ئاستا ماڭغاندىن ياخشى ـ دە. گېنېرال جورجىغا تېرە تاشلىق قەسىدە كىتابىنى سوۋغا قىپتۇ، بۇنى ئاممىلىيە بەرگەنىكەن. كىتابقا جورجىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىسمى، يەنە «شاپائەتلىك پەرۋەردىگارنى ھۆرمەتلە» دېگەن سۆز يېزىلغانىكەن. بۇ سۆزنى گېنېرالنىڭ خانىمى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ بېرىپ يازدۇرغانىكەن.

گېنېرالنىڭ خانىمىنىڭ كۆڭلى سەل پەرىشان بولسىلا بېشى قاتتىق ئاغرىيدىغان كېسىلى بار ئىكەن. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشى لوقۇلداپ ئاغرىپ تۇرغان بولسىمۇ، جورجىغا مۇلايىملىق بىلەن قاراپ، ئۇنىڭغا

ئامەت تىلەپتۇ، يەنە ئۆزىنىڭ بېشىنىڭ پەقەت ئاغرىمايدىغان بولۇپ قېلىشىنى تىلەپتۇ. ئۈستىگە كېچىلىك كىيىم، بېشىغا لېنتىلىق شىلەپە، پۇتىغا رۇس پاسونىدىكى قىزىل ئۆتۈك كىيىۋالغان گېنېرال ئويچان قىياپەتتە ئۈياقتىن - بۇياققا ئۈچ قېتىم ماڭغاندىن كېيىن، قەدىمىنى توختىتىپ:

— مانا ئەمدى شاكىچىك جورجىمۇ چېركاۋنىڭ ئادىمى بولدى! پەرۋەردىگارغا سادىق، پەرۋەردىگارنى ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەم بولىدىغان بولدى. كەلگۈسى بىر كۈنلەردە ياشانغىنىمدا، گېنېرالنىڭ بۇ تەلىمىنى ئاسانلا ئېسىڭگە ئالالايسەن! — دەپتۇ.

گېنېرال شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، يەنە ئەسلىدىكى سۈرلۈك قىياپىتىگە قايتىپتۇ. مۇراسىمدا جورجىنى ئەڭ جەلپ قىلغىنى يەنىلا ئامىلىيە خانقىز بوپتۇ. ئۇ بەك ئوماق، بەك چىرايلىق ئىكەن.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئامىلىيە ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ھەر كۈنى چۈشتە دوختۇرنىڭ مەپىسى دەرۋازا سىرتىدا توختىغاندا، جورجىنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز ئەنسىز دۈپۈلدەپ كېتىدىكەن.

— ئۇلار ئامىلىيەدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدى، — دەپتۇ دەرۋازىۋەننىڭ ئايالى، — پەرۋەردىگار كىمنى ئېلىپ كېتىشنى بىلىدۇ!

لېكىن، ئۇلار ئامىلىيەدىن ئايرىلىپ قالماپتۇ. جورجى نۇرغۇن رەسىم سىزىپ ئۇنىڭغا تەقدىم قىپتۇ. ئۇنىڭ رەسىملىرىدە چار پادىشاھنىڭ ئوردىسى، موسكۋادىكى كرېمىل سارىيى دېگەنلەر بار ئىكەن. ئامىلىيە رەسىملەرنى كۆرۈپ بەك خۇشال بوپتۇ. جورجى

بىر ھەپتە ئىچىدە يەنە بىرقانچە پارچە رەسىم تەقدىم قىپتۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىمارەتلەرنىڭ رەسىملىرى ئىكەن. ئامىلىيە ئۇلارنى كۆرگەندە، ئوردىنىڭ دەرۋازىسى ۋە دېرىزە ئىچىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى تولۇق تەسەۋۋۇر قىلالايدىكەن.

جورجى جۇڭگو پاسونىدىكى ئون ئالتە قەۋەتلىك بىر ئىمارەتنى سىزىپتۇ، ئۇنىڭ ھەربىر قەۋىتىدە جىرىڭلاپ تۇرىدىغان قوڭغۇراقلىرى بار ئىكەن. جورجى تۆت تەرىپىدە مەرمەر تۈۋرۈكلىرى ۋە پەلەمپىيى بار يۇنان ئىبادەتخانىسىنى سىزىپتۇ. ئۇ سىزغان نورۋېگىيە ئىبادەتخانىسى تولىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ياغاچ قۇرۇلمىسى، چىرايلىق نەقىشلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. لېكىن، ئەڭ چىرايلىقى جورجى «ئامىلىيەنىڭ قەسرى» دەپ ئاتايدىغان قەسىر ئىكەن. جورجىنىڭ قارىشىچە، ئامىلىيە مۇشۇ قەسىردە تۇرۇشى كېرەك ئىكەن. جورجى بۇ رەسىمنى سىزىشتا، باشقا قۇرۇلۇشلاردىكى ئەڭ چىرايلىق نەرسىلەرنى بۇ قەسىرگە يۆتكەپتۇ. بۇ قەسىردە نورۋېگىيە چېركاۋلىرىدىكىدەك نەقىش ئويۇلغان لىم ۋە تۈۋرۈكلەر، يۇنان ئىبادەتخانىلىرىدىكىدەك مەرمەر تۈۋرۈكلەر، جۇڭگوچە ئۆيلەردىكىدەك قوڭغۇراقلار بار ئىكەن، ئۆگزىسىگە چار پادىشاھنىڭ كرېمىل سارىيىنىڭكىدەك يېشىل ھەل بېرىلگەنىكەن. ھەربىر دېرىزىنىڭ ئاستىغا «ئامىلىيە بۇ يەردە ئۇخلايدۇ»، «ئامىلىيە بۇ يەردە ئۇسسۇل ئوينايدۇ» ياكى «بۇ يەردە مېھماندارچىلىق ئويۇنى ئوينايدۇ» دېگەن سۆزلەر يېزىپ قويۇلغانىكەن.

گېنېرال بۇ رەسىمنى كۆرۈپ: «قالتىس !» دەپتۇ.

لېكىن، كاتتا قەسىرى ۋە چوڭ قورۇقى بار گراف ھېچنېمە دېمەپتۇ. گراف بۇ رەسىمنى دەرۋازىۋەنىنىڭ ئوغلىنىڭ سىزغانلىقىنى، بۇ بالىنىڭ خېلى چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىكەن. ئۇ رەسىمنى كۆرۈپ ئويلىنىپ قاپتۇ.

بىر كۈنى سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى جورجىنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپتۇ:

— كەل، دوستۇم، — دەپتۇ ئۇ، — ئىككىمىز پاراڭلىشايلى! پەرۋەردىگار ساڭا تالانت ئاتا قىلدى، ئەمدى سېنى بىر ياخشى كىشى بىلەن دوست قىلماقچى. كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى ياشانغان گراف ماڭا سېنىڭ گېپىڭنى قىلدى. مەنمۇ سېنىڭ رەسىملىرىڭنى كۆرگەن، ئۇلارنىڭ ئۆزگەرتىدىغان نۇرغۇن يەرلىرى بار، ئەمما ھازىرچە رەسىمنىڭ گېپىنى قىلىشمايلى. بۇنىڭدىن كېيىن سەن مەكتەپكە ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم كەلسەڭ بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا رەسىمنى تېخىمۇ ياخشى سىزىدىغان بولىسەن. مېنىڭچە، سېنىڭدە رەسساملىق ئەمەس، ئارختېكتوردا بولۇشقا تېگىشلىك ئىستېدات بار. بۇنى ئوبدانراق ئويلىنىپ باق! لېكىن، بۈگۈن سەن گرافنىڭكىگە بار، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقانلىقىڭ ئۈچۈن جەزمەن پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر ئېيتىسەن!

كوچا دوقمۇشىدا دېرىزىلىرىگە پىل ۋە تاق لوكىلىق تۆگىلەرنىڭ رەسىمى ئويۇلغان ناھايىتى چوڭ، قەدىمىي قەسىر بار ئىكەن. لېكىن، ياشىنىپ قالغان گراف يېگى دەۋرنى ۋە يېگى دەۋردە بارلىققا كەلگەن ياخشى نەرسىلەرنى ياقتۇرىدىكەن.

— مېنىڭچە، ھەقىقىي ئېسىلزادە كىشىلەر ئاددىي كىشىلەرگە ئاسان يېقىنلىشالايدۇ، — دەپتۇ دەرۋازىۋەننىڭ ئايالى، — گرافقا قاراڭلار، ئۇنىڭ گەپ قىلىشلىرى بىزنىڭكىگىلا ئوخشايدۇ، گېنېرالنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۇنداق ئەمەس! تۇنۇگۈن گراف جورجىنى بەك ياخشى كۇتۇۋاپتۇ، جورجى خۇشاللىقىدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەيلا قاپتۇ. ئەمدى بىز جورجىنى ھۈنەر ئۆگىنىشكە بەرمىسەك بولىدىغان بولدى، بۇ بەك ياخشى بولدى!

— لېكىن، يەنىلا خەقنىڭ ياردىمىگە تايانمىساق بولمايدۇ - دە، — دەپتۇ دەرۋازىۋەن.

— بۇنىڭدىن غەم قىلمىساق بولىدۇ، گراف بۇ توغرۇلۇق ئېنىق گەپ قىپتۇ.

— گراف جورجىنىڭ ئىشىنى گېنېرالنىڭ ئۆيىدىكىلەردىن ئاڭلىغان، شۇڭا بىز ئۇلارغىمۇ رەھمەت ئېيتمىساق بولمايدۇ.

— ئەلۋەتتە! لېكىن، كۆپرەك رەھمەتنى پەرۋەردىگارغا ئېيتىشىمىز كېرەك، چۈنكى ئۇ ئامىلىيەنى ھايات قالدۇردى، — دەپتۇ دەرۋازىۋەننىڭ ئايالى.

بۇ بىر يىلدا جورجى ئاۋۋال كۈمۈش مېدالغا، كېيىن ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپتۇ.

— ئوغلىمىزنى ھۈنەر ئۆگىنىشكە بەرسەك بوپتىكەن، — دەپتۇ بىر كۈنى دەرۋازىۋەننىڭ ئايالى يىغلاپ، — شۇنداق قىلغان بولساق، ئۇ يېنىمىزدا بولاتتىكەن. ئۇ رىمغا بېرىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئەمدى ئوماق ئوغلۇمنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم!

— لېكىن، ئۇنىڭ تەلىيى كەلدى ! — دەپتۇ دەرۋازىۋەن.

— ئۇ دېگىنىڭىزغۇ راست، — دەپتۇ ئايالى، — لېكىن، ئاغزىڭىزدا دەپ قويغىنىڭىز بىلەن، ئۆزىڭىزمۇ ماڭا ئوخشاش ئازابلىنىۋاتىسىز.

جورجى قولۇم - قوشنىلار بىلەن خوشلىشىپتۇ، گېنېرالنىڭ ئۆيىگىمۇ كىرىپتۇ، بىراق خانىم باش ئاغرىقى قوزغىلىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەپتۇ. خوشلىشىدىغان چاغدا، گېنېرال جورجىغا ئېرىنچەكلىك بىلەن قول ئۇزىتىپتۇ، ئامىلىيەمۇ جورجىغا قول ئۇزىتىپتۇ، چىرايىدىن بەك ئازابلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىكەن، ئەمما جورجى ئۇنىڭدىنمۇ بەك ئازابلىنىپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. رىمدا ئوقۇۋاتقان جورجى ۋاقىتنى قەدىرلەپ ئۆگىنىپتۇ. ئانىسى بىر خېتىدە جورجىنىڭ دادىسىنىڭ تۈگەپ كېتىپ ئۆزىنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى، ئامىلىيەنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى يېزىپتۇ. جورجى دادىسىنىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرۇپتۇ، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن خەت يېزىپ ئانىسىغا تەسەللى بېرىپتۇ، خېتىدە ئامىلىيەگە سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپىلاپتۇ.

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، گراف گېنېرالنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قەسرىگە تەكلىپ قىپتۇ.

قەسىردە ئاجايىپ ئۆزگىچە بىر باغچە بار ئىكەن. باغچىنىڭ بىر قىسمى پۈتۈنلەي قەدىمكى پاسوندا بولۇپ، ياپيېشىل چىتلاق كىشىگە يېشىل دەرپەردە تارتىپ قويۇلغاندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. قىرقىلغان



سەمشىت، ئورموزىيە دەرەخلىرى يۇلتۇز ۋە پىرامىدا شەكىللىرىنى ھاسىل قىلغانىكەن. قۇلۇلە قاپلىرى بىلەن بېزەلگەن تاش ئۆڭكۈردىن ئېقىپ چىققان سۇ قۇياش نۇرىدا جىمىرلايدىكەن، ھەممىلا يەردە تاش ھەيكەللەر ئۇچراپ تۇرىدىكەن. ئادەم ھەيكەللىرىنىڭ كىيىم - كېچەكى ۋە چىرايىدىن بۇ ھەيكەللەرنىڭ چوڭ تاشلاردىن تاراشلانغانلىقىنى بىلگىلى بولىدىكەن. گۈل تەشتەكلىرىنىڭ شەكىللىرىمۇ خىلمۇخىل بولۇپ، بەزىلىرى بېلىققا، بەزىلىرى گېرىبقا، يەنە بەزىلىرى كىملەرنىڭدۇر ئىسمىغا ئوخشايدىكەن. باغچىنىڭ بۇ بۆلىكىدىن چىققاندىن كېيىن، ساپ ھاۋالىق تەبىئىي ئورمانلىققا كىرگىلى بولىدىكەن.

— بۇ يەردە ئوخشاشمايدىغان دەۋرلەرنىڭ مەنزىرىلىرى بەك ماسلىشىپ كەتكەن ! — دەپتۇ

گراف، — يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن، بۇ قورۇق ھەقىقىي قىياپىتىنى نامايان قىلىپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ. مەن سىلەرگە چېرتيوژنى كۆرسىتىمەن، ئارختېكتور بىلەنمۇ كۆرۈشتۈرىمەن. ئۇ بۈگۈن كەچلىك تاماقتا بىز بىلەن بىللە بولىدۇ!

— قالتىس ! — دەپتۇ گېنېرال.

— بۇ يەر راستتىنلا جەننەتتەك ئىكەن ! ئاۋۇ ياقتا رىتسارلار خانىسىمۇ بار ئىكەن تېخى ! — دەپتۇ گېنېرالنىڭ خانىمى.

— ئۇ توخۇ كاتىكى، — دەپتۇ گراف، — كەپتەرلەر پەشتاقتا، كۇركە توخۇلار بىرىنچى قەۋەتتە تۇرىدۇ. توخۇم باستۇرىدىغان مېكىيانلار بىر كاتەكتە، چۆجىلىرى بار مېكىيانلار بىر كاتەكتە تۇرىدۇ، ئۆردەكلەرنىڭ كاتىكى كۆلگە تۇتىشىدۇ. ئالىي خانىم ئۇلاردىن خەۋەر ئالىدۇ.

— قالتىس ! — دەپتۇ گېنېرال.

ئۇلار بۇ ئاجايىپ جاينى تاماشا قىپتۇ. بۇ چاغدا ئالىي خانىم بىلەن ئارختېكتور جورجى بۇ يەردە ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئايرىلغىنىغا نەچچە يىل بولغان جورجى بىلەن ئامىلىيە توخۇ كاتىكىدە يۈز كۆرۈشۈپتۇ.

ناھايىتى كېلىشكەن يىگىت بولۇپ قالغان جورجىنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرىدىكەن. گراف ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ مېھمانلارغا تونۇشتۇرۇپتۇ:

— مانا بۇ بىزنىڭ ياش دوستىمىز جورجى ئەپەندى، ئۇ سىلەرگە ناتونۇش ئەمەس !

گېنېرالنىڭ خانىمى تىزىنى سەل پۈكۈپ

سالاملىشىپتۇ، قىزى قولىنى ئۇزىتىپتۇيۇ، يەنە يىغلىۋاپتۇ.

— جورجى بىزنىڭ قەدىناس دوستىمىز! — دەپتۇ گېنېرال.

— سىز بەئەينى ئىتالىيىلىكلا بولۇپ كېتىپسىز! ئىتالىيانچىنى ئۇلاردەكلا سۆزلەيدىغانسىز ھەرقاچان؟ — دەپتۇ خانىم.

— خانىمىم ئىتالىيە ناخشىلىرىنى ئېيتالايدۇ، ئەمما ئىتالىيانچە سۆزلەشنى بىلمەيدۇ، — دەپتۇ گېنېرال.

تاماق ۋاقتىدا، جورجى ئامىلىيەنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇپتۇ. جورجى سۆزلەۋاتقاندا ئامىلىيەنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كېتىپتۇ، ئۇ جىمجىت ئولتۇرۇپ جورجىنىڭ سۆزلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلاپتۇ، ئەمما بىرەر ئېغىزمۇ ئۈندىمەپتۇ.

كېيىن، جورجى بىلەن ئامىلىيە بالكونغا چىقىپتۇ. بالكوندىكى گۈللەر ئۇلارنى باشقىلاردىن توسۇپ تۇرىدىكەن.

— ئاپامغا كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزدىن تولىمۇ مىننەتدارمەن! — دەپتۇ جورجى ئامىلىيەگە، — دادام تۇگەپ كېتىدىغان كەچتە سىز ئاپامغا دادام كۆز يۇمغۇچە ھەمراھ بوپسىز، سىزگە رەھمەت!

جورجى ئامىلىيەنىڭ قولىنى سۆيۈپتۇ. ئامىلىيە قىزىرىپ كېتىپتۇ، ئەمما زەڭگەر كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئىللىق بېقىپتۇ.

— ئاپىڭىز بەك ئاق كۆڭۈل ئايال! — دەپتۇ

ئامىلىيە، — ئۇ سىزنى ئاجايىپ ياخشى كۆرىدۇ. ماڭا سىزنىڭ ھەممە خەتلىرىڭىزنى ئوقۇتتى، شۇڭا مەن سىزنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىمەن دېيەلەيمەن. سىز ماڭا ئىنتايىن ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كەلدىڭىز. كىچىك چېغىمدا ماڭا نۇرغۇن رەسىملەرنى سوۋغا قىلغانىدىڭىز!

— ئۇلارنى يىرتىۋەتكەنسىز ھەرقاچان؟ — دەپتۇ جورجى.

— ياقەي، ئۇنداق قىلمىدىم، يەنە تېخى مېنىڭ قەسرىم سىزىلغان ھېلىقى رەسىمنى يېنىمدا ساقلاۋاتىمەن.

— ئەمدى مەن ھەقىقىي قەسرنى سالماقچىمەن! — دەپتۇ جورجى ھاياجان بىلەن.

گېنېرال بىلەن خانىمى جورجىنىڭ گېپىنى قىلىشىپتۇ.

— ئۇ قائىدە - يوسۇنلۇق چوڭ بوپتۇ، بىلىدىغانلىرىنى ئېنىق ئىپادىلەشكىمۇ ئۇستا ئىكەن، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولسا بولغۇدەك، — دەپتۇ گېنېرال.

— ھەقىقەتەن ئىستېداتلىق يىگىت ئىكەن! — دەپتۇ خانىم.

يازنىڭ گۈزەل كۈنلىرىدە جورجى گرافنىڭ قەسرىگە دائىم كېلىپ تۇرىدىغان بوپتۇ، كەلمىسە، قەسردىكىلەر ئۇنى سېغىنىپ قالىدىكەن.

— پەرۋەردىگارنىڭ سىزگە بەرگەنلىرى بىزدەك بىچارىلەرگە بەرگىنىدىنمۇ كۆپ ئىكەن! — دەپتۇ ئامىلىيە.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان جورجى بۇ ساھىبجامال قىزنىڭ ئۆزىنى كۆزگە ئىلغىنىدىن خۇش بولۇپ كۆڭلى يايراپ كېتىپتۇ.

گېنېرال جورجىنىڭ ئاددىيغىنا بالا ئەمەسلىكىگە بارغانسېرى ئىشىنىشكە باشلاپتۇ.

— ئۇنىڭ ئانىسىمۇ ئىنتايىن ساداقەتمەن ئايال، — دەپتۇ ئۇ، — مەن ئۇنى بەك ھۆرمەت قىلىمەن!

ياز كېتىپ قىش كەپتۇ. جورجى ئېسىلزادىلەرنىڭ سورۇنلىرىدىمۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بوپتۇ. گېنېرال ھەتتا ئۇنى ئوردىدا ئۆتكۈزۈلگەن تانسا كېچىلىكىدىمۇ ئۇچرىتىپتۇ.

گېنېرال ئامىلىيە ئۈچۈن تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بوپتۇ، جورجى ئەپەندىنى كېچىلىككە تەكلىپ قىلسا قانداق بولار؟

— پادىشاھ تەكلىپ قىلغان ئادەمنى گېنېرالمۇ تەكلىپ قىلسا بولىدۇ، ئەلۋەتتە! — دەپتۇ گېنېرال قەددىنى رۇسلاپ.

جورجى گېنېرالنىڭكىگە كەپتۇ، شاھزادە ۋە بەگزادىلەرمۇ كەپتۇ. ئۇلار تانسىنى بىر - بىرىدىن ياخشى ئوينايدىكەن، ئەمما ئامىلىيە تۇنجى تانسىنى ئويناپ بولدى قىپتۇ. چۈنكى، تانسا ئويناۋاتقاندا ئۇنىڭ پۇتى سەل قايرىلىپ كېتىپ ئاغرىۋاتقانىكەن. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ باشقىلارنىڭ ئويىنىغىنىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇشتىن باشقا ئىلاجى يوق ئىكەن. جورجى تانسا كېچىلىكى ئاياغلاشقۇچە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن، جورجى گېنېرالنىڭكىگە كەپتۇ. گېنېرال ئۇنى تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ئۇ

جورجىنى ئۆتكەن قېتىم تانسا كېچىلىكىگە تەكلىپ قىلغىنىمغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگىلى كەلدى دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن، جورجى سۆزگە كىرىشكەندە، گېنېرال قۇلىقىغا ئىشەنمەي داڭقېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئەسلىدە، جورجى ئاملىيەنى ئۆز ئىكاھىغا ئېلىشنى سوراپ كەلگەنىكەن.

— سەنزە! — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ كاللىسى پارتلاپ كەتكۇدەك بولۇپ كەتكەن گېنېرال، — سېنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم؟ سەن نېمە دېمەكچى؟ نېمە قىلماقچى؟ ئۆزۈڭچە ئۆيىمىزگە بېشىڭنى تىقماقچىمۇ؟ مەن بۇ يەردە تۇرامدىم، يوق؟! ئەپەندى، مەن سېنى تونۇمايمەن!

گېنېرال شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپلا ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. جورجى بىرنەچچە مىنۇت يالغۇز تۇرۇپ بېقىپ، ئاندىن ئارقىغا بۇرۇلۇپتۇ. بۇ چاغدا ئاملىيە كارىدوردا ساقلاپ تۇرغانىكەن.

— دادام جاۋاب بەردىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاملىيە تىترەك ئاۋازدا.

جورجى ئۇنىڭ قولىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئۆزىنى مەندىن قاچۇردى، ئەمما ھامان ياخشى پۇرسەت كېلىدۇ! — دەپتۇ.

ئاملىيەنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولۇپتۇ، يىگىتنىڭ كۆزلىرىدە بولسا ئىشەنچ ۋە قەيسەرلىك ئۇچقۇنى چاقناپتۇ.

گېنېرالنىڭ ئويلىغانلىرى سەپراسى ئۆرلەپتۇ.

— ئىلىشىپ قاپتۇ بۇ دەرۋازىۋەننىڭ سەۋدايىسى! — دەپتۇ ئۇ.

خانىم ئېرىنىڭ ئاغزىدىن بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، ئامىلىيەنى چاقىرىپ ئايرىم پاراڭلىشىپتۇ.

— بىچارە بالام، ئۇ سېنى ھاقارەتلەپتۇ، بىزنى ھاقارەتلەپتۇ! يىغلىۋال، قىزىم، يىغلىۋال، ئىچىڭ بوشاپ قالىدۇ! — دەپتۇ ئۇ.

— ياق، ئۇنداق قىلغىنى يوق، مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا كۆڭلۈم بار! سىلەر ماقۇل بولمىساڭلار، مەن يىغلايمەن، — دەپتۇ ئامىلىيە.

— قىزىم، — دەپ ۋارقىراپتۇ ئانىسى، — سەن ئاغرىپ قاپسەن، شۇڭا قالايمىقان سۆزلەۋاتىسەن. ۋايجان، مېنىڭ باش ئاغرىقىممۇ قوزغىلىۋاتىدۇ. ئائىلىمىزگە كېلىۋاتقان بۇ كەلگۈلۈكلەرگە نېمە دېگۈلۈك! سەن مېنى ئۆلسۇن دەۋاتامسەن، ئامىلىيە؟ ئەگەر نىيىتىڭدىن يانمىساڭ، مېنى ئاپا دېگۈچى بولما !

شۇ كۈنلەردە گېزىتكە: «جورجى ئەپەندى پروفېسسورلۇققا تەيىنلەندى» دېگەن خەۋەر بېسىلىپتۇ.

— ئىسىت، يەر تېگىدە ياتقان ئاتا - ئانىسى بۇ خەۋەرنى كۆرەلمەيدىغان بولدى - دە ! — دەپتۇ گېنېرالنىڭ يېڭى دەرۋازىۋىنى. ئۇلار بۇ يېڭى پروفېسسورنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان يەر ئاستى ئۆيدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىنى بىلىدىكەن.

— شۇنى دېمەمسەن، بىر نامرات بالا ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ كىچىك ئىش ئەمەس جۇمۇ!

تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ھەممىسى جورجىنى ماختىشىپتۇ، ياشانغان گرافمۇ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

جورجىنىڭ بۇ كۈنگە ئېرىشىشى بالىلىق دەۋرىدە



رەسىم سىزىشنى بېرىلىپ مەشىق قىلغانلىقىدىن بولغانىكەن. كىشىلەر رۇسىيە ۋە موسكۋانىڭ گېپىنى قىلىشىپ قالسىلا، جورجى كىچىك چېغىدا سىزىپ ئامىلىيەگە سوۋغا قىلغان «ئامىلىيە قەسرى»نى تىلغا ئالماي قالمايدىكەن. ئۇ سىزغان نۇرغۇن رەسىم ئىچىدە ئاشۇ رەسىم گىرافىنىڭ ئەڭ دىققىتىنى تارتقانىكەن.

ئامىلىيەنىڭ تۇغۇلغان كۈنى كەپتۇ. كىشىلەر نۇرغۇن گۈل، خەت ۋە ئاتكىرىتكىلارنى ئەۋەتىپتۇ. گېنېرالنىڭ خانىمى ئۇنىڭ لېۋىگە، گېنېرال پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپتۇ. ئىككى شاھزادە ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ ئۆيگە كەپتۇ. ئۇلار تانسا كېچىلىكى، تىياتىر توغرۇلۇق سۆزلىشىپتۇ، چەت ئەلگە ئەلچى ئەۋەتىش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرى توغرۇلۇق سۆزلىشىپتۇ، پاراڭنىڭ نۆۋىتى ئىرىشچان كىشىلەر ئۈستىگە كەلگەندە، تەبىئىيلا ياش پروفېسسور، ئارختېكتور جورجى تىلغا ئېلىنىپتۇ.

— ئۇ ھازىر نامىنى مەڭگۇ ئۆچۈرمەيدىغان بىر ئىمارەتنى سېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ بىرەيلەن، — بەلكىم ئۇ بىر نامدار ئائىلىنىڭ ئەزاسى بولۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتسا كېرەك.

— ئۇلارنىڭ نامدار ئائىلە! — مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن، گېنېرال ئايالىنىڭ ئالدىدا شۇ سۆزنى تەكرارلاپتۇ، — ئەڭ نامدار ئائىلە كىم بولۇشى مۇمكىن؟

— ئۇلارنىڭ كىمنىڭ ئائىلىسىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقىنى بىلىمەن! — دەپتۇ گېنېرالنىڭ خانىمى، — لېكىن، ئۇنى دېمەيمەن. ۋاي، پەرۋەردىگارنىڭ پۈتكىنى باردۇر، بۇ ھەقتە ئويلىغۇم يوق!

ئۇ شۇنداق دەپتۇيۇ، يەنىلا چوڭقۇر خىيالغا پېتىپتۇ.

ئامىلىيەنىڭ ئۆيى سوۋغاتلار بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ، بىراق بۇلارنىڭ ئارىسىدا جورجىنىڭلا سوۋغىتى يوق ئىكەن. ئۇ سوۋغات ئەكەلگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ئۆيگە كىرەلمەيدىكەن. لېكىن، ئامىلىيە جورجى ئۆزى بىلەن بىللىدەكلا ھېس قىپتۇ. چۈنكى، جورجى تەقدىم قىلغان رەسىملەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىكەن، دېرىزىنى ئاچسىلا كۆرۈنىدىغان ئاكاتسىيە دەرىخى ئۇنىڭغا بالىلىق دەۋرىنى ئەسلىتىدىكەن.

ئامىلىيە تارتمىدىن جورجى سىزغان چار پادىشاھنىڭ قەسىرىنىڭ رەسىمىنى، يەنە ئۆزىنىڭ قەسىرىنىڭ رەسىمىنى ئېلىپ، ئۇلارغا قارىغىنىچە ئەسلىمە دېڭىزىغا غەرق بوپتۇ.

ئەتىسى مۇنداق بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ: گېنېرال ئائىلىسىدىكى يەنە بىرەيلەننىڭ، يەنى گېنېرالنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بوپتۇ. گېنېرال يىل ھېسابىدا ئامىلىيەدىن كۆپ يىل ئىلگىرى تۇغۇلغان بىلەن، كۈن ھېسابىدا بىر كۈن بۇرۇن تۇغۇلغانىكەن. بۇ كۈنى كىشىلەر يەنە نۇرغۇن سوۋغاتلارنى ئەۋەتىپتۇ، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئېگەرنىڭ كۆرۈنۈشى بەكلا چىرايلىق بولۇپ، ناھايىتى قىممەت ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولىدىكەن. ئۇنى كىم سوۋغا قىلغاندۇ؟ گېنېرال ئىنتايىن خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. ئېگەرگە قىستۇرۇپ قويۇلغان باغاقچىگە: «گېنېرال تونۇمايدىغان بىر كىشىدىن تەقدىم» دېگەن سۆز يېزىلغانىكەن.

— مەن تونۇمايدىغان كىم بولغىيدى بۇ؟ — دەپتۇ

گېنېرال. ئۇ ئۆزى قاتناشقان كاتتا سورۇنلارنى ئەسلەپتۇ، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تونۇيدىكەن.

— بۇنى ئايالىم سوۋغا قىپتۇ! — دەپتۇ ئۇ ئاخىر، — ئۇ ماڭا چاقچاق قىپتۇ - دە، قالتىس!

لېكىن، گېنېرالنىڭ خانىمى چاقچاق قىلمىغانىكەن.

بىر كۈنى بىر شاھزادە نىقابلىق تانسا يىغىلىشى ئۆتكۈزۈپتۇ. گېنېرال نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇلۇغ رەسسام رۇبىنسىنىڭ قىياپىتىدە ياسىنىپ، ئۇششاق پۈرمە ياقىلىق ئىسپانچە كىيىم كىيىپ، بېلىگە خەنجەر ئېسىپتۇ. گېنېرالنىڭ خانىمى رۇبىنسىنىڭ ئايالى قىياپىتىدە ياسىنىپ، ئېگىز ياقىلىق زىياپەت كۆڭلىكى كىيىپتۇ.

ئاملىيە پىسايكىنىڭ قىياپىتىدە ياسىنىپ، چىلتەكلىك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپتۇ. شۇ تاپتا ئۇ لەرزان لەپىلدەۋاتقان ئاق قۇ قانىتىغىلا ئوخشاپ قاپتۇ. ئۇ قادىۋالغان قانات ئۇنىڭ پىسايك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىكەن.

تانسا زالى ھەشەمەتلىك ھەم يورۇق بولۇپ، ھەممىلا يەر گۈللەرگە پۈركەلگەن، ئاياللار تاقىۋالغان زىبۇزىننەتلەر چاقناپ كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىكەن. يۈزىگە نىقاب تارتىۋالغان، شىلەپىسىگە ئاكاتسىيە گۈلى قادىۋالغان قارا كىيىملىك بىر كىشى پىسايك، يەنى ئاملىيە بىلەن تانسىغا چۈشۈپتۇ.

— ئۇ كىمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ گېنېرالنىڭ خانىمى، — شاھزادە ئالىيلىرىغۇ دەيمەن!

— ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسەملا، كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلەيتتىم، — دەپتۇ گېنېرال.

گېنېرال قارا كىيىملىك كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ، قولىغا شاھزادىنىڭ ئىسمىنى يېزىپتۇ. ھېلىقى كىشى بۇنى رەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئازراق بېشارەت بېرىپتۇ:

— ئېگەردىكى: «گېنېرال تونۇمايدىغان بىر ئادەم» دېگەن سۆز ئېسىڭىزدىدۇ؟

— ئۇنداقتا، سىزنى تونۇۋالدىم، — دەپتۇ گېنېرال، — ئېگەرنى سىز سوۋغا قىپسىز!

ھېلىقى كىشى قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپتۇ ـ دە، كىشىلەر ئارىسىدا غايىب بوپتۇ.

— سەن بىلەن تانسا ئوينىغان دومىنو كىم، ئامىلىيە؟ — دەپ سوراپتۇ ئانىسى.

— ئىسمىنى سوراپ باقمىدىم، — دەپتۇ ئامىلىيە.

— ئۇنىڭ كىملىكىنى سىز بىلىسىز، ئۇ سىزنىڭ يېقىن دوستىڭىز پروفېسسور، شۇنداقمۇ؟ — دەپتۇ گېنېرالنىڭ خانىمى يېنىدا تۇرغان گرافقا.

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، ھۆرمەتلىك خانىم! — دەپتۇ گراف، — لېكىن شاھزادىنىڭمۇ مۇشۇنداق ياسىنىشى مۇمكىن.

— مەن قول ئېلىشىش ھالىتىنى ئوبدان بىلىمەن! — دەپتۇ گېنېرال، — ئۇ جەزمەن شاھزادە، ئۇنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ باقسام بولىدۇ.

— شۇنداق قىلىڭ، ئەگەر شاھزادە بولسا، چوقۇم زىياپىتىڭىزگە كېلىدۇ، — دەپتۇ گراف.

— باشقا ئادەم بولۇپ قالسا، كەلمەسلىكى



مۇمكىن، — دەپتۇ گېنېرال ۋە قارا كىيىملىك دومىنونىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. ئۇ پادىشاھ بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانىكەن. گېنېرال بۆلەكچە ئېھتىرام بىلەن ئۇنى يۇقىرى ئاۋازدا ئائىلە زىياپىتىگە تەكلىپ قىپتۇ.

قارا كىيىملىك دومىنو نىقابىنى ئاپتۇ: ئۇ جورجى ئىكەن.

— گېنېرال ئەپەندى، تەكلىپىڭىزنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ بېقىشقا بولارمۇ؟ — دەپتۇ ئۇ.

گېنېرال تېخىمۇ قەتئىي قىياپىتىنى ئىپادىلەپ، خۇددى تانسا ھەرىكىتىدىكىدەك ئارقىغا ئىككى قەدەم چېكىنىپ، ئاندىن ئالدىغا بىر قەدەم ئاپتۇ، ئاندىن كېيىن:

— گېپىمدىن ھەرگىز يېنىۋالمايمەن، پروفېسسور ئەپەندى، سىزنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدىم! — دەپتۇ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ۋە بۇ گەپلەرگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان پادىشاھقا «لاپىپىدە» قاراپ قويۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، گېنېرال ئائىلە زىياپىتى ئۆتكۈزۈپتۇ، زىياپەتكە گراف بىلەن ئۇنىڭ دوستىنىلا تەكلىپ قىپتۇ.

جورجى كەپتۇ. ئۇنىڭ گەپ - سۆز، يۈرۈش - تۇرۇشى تامامەن مۆتىۋەرلەرگە خاس بولۇپ، ئۇ بەك سالاپەتلىك بولۇپ كەتكەنىكەن. گېنېرال «قالتىس!» دېگەن سۆزنى ئىختىيارسىز كۆپ قېتىم تەكرارلاپتۇ.

— يەر ئاستى ئۆيدە تۇغۇلغانلىقى ئۇنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس! — دەپتۇ گېنېرال مېھمانلارنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن، — ئۇ چوقۇم بىر كاتتا جەمەتنىڭ پۇشتى بولۇشى مۇمكىن!

شۇنىڭدىن كېيىن، جورجى گېنېرال ئائىلىسىنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولۇپ قاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىپتۇ، ئاملىيەمۇ دۆلەت ئىشلىرى

مەسلىھەتچىسىنىڭ خانىمى بولۇپ قاپتۇ.

— تۇرمۇش دېگەن بىر بولسا كومېدىيە، بىر بولسا تراگېدىيە، — دەپتۇ گېنېرال، — تراگېدىيىدىكى باش قەھرىمانلار ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، كومېدىيىدە بولسا مۇراد - مەقسىتىگە يېتىدۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، جورجى بىلەن ئامىلىيە ئۈچ ئوغۇللۇق بوپتۇ. بۇ ئوماق بالىلار ھەر قېتىم بوۋا - مومىسىنى كۆرگىلى بارغاندا، مېھمانخانا ئۆيدە ياغاچ ئات مىنىپ ئوينايدىكەن، گېنېرالمۇ ياغاچ ئات مىنىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭىدىكەن ۋە ئۆز - ئۆزىگە: «كىچىك دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ئات باقارىغا ئوخشاپ قالدىمۇ، نېمە؟» دەپ قويىدىكەن. گېنېرالنىڭ ئايالى ساپادا ئولتۇرۇپ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرىدىكەن.

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMTk1NjEuemlw",
"filename_decoded": "40219561.zip",
"filesize": 29768182,
"md5": "ac30e82679310b794ccdf498150885e0",
"header_md5": "e14790e8c6b18de83154e876b1636556",
"sha1": "47e8967255b1339d25654c96200bf1b94a3f6d3a",
"sha256": "a75c61d19dd733e7f7da066b79ad3752eed6e9d9b573427dc0cbab40401564b7",
"crc32": 1663280476,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 33115070,
"pdg_dir_name": "\u2591\u2593\u2550\u255c\u2554\u00b7\u2550\u00bb\u2557\u2591\u2564\u00ed4\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u2559\u2229_40219561",
"pdg_main_pages_found": 155,
"pdg_main_pages_max": 155,
"total_pages": 166,
"total_pixels": 662308128,
"pdf_generation_missing_pages": false
}